تۇرغان شاۋۇدۇن

# شاھ ۋە غۇلام

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تۇرغان شاۋۇدۇن

# شاھ ۋە غۇلام

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: جېلىل مۇھەممەت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: باتۇ
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل

شاھ ۋە غۇلام

تۇرغان شاۋۇدۇن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشىر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۈڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 6.25
1992 – يىل 12 – ئاي 1 – نەشرى
1992 – يىل 12 – ئاي 1 – بېسىلىشى
تىراژى: 2,300 — 1
ISBN7 — 228 — 02121 — 5 / I·725
باھاسى: 1.85 يۈەن

# ئاپتوردىن

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئاساسى. يېزىق پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى خەلقىمىز ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى، شەيئىلەرگە بولغان كۆزقارىشى، كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىشى قاتارلىق توپ مەسىلىلەرنى ماقال - تەمسىل، چۆچەك، داستان قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرۇپ كەلدى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك خەلقىمىزنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، ئەسەر يېزىشمۇ كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىش. دېمەك، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ ئاجايىپ سېھىرلىك دۇنيا مېنىڭ قەلبىم، تەسەۋۋۇرۇم ۋە ئىجادىيەتلىرىمگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچى ئارقىلىق مېنىڭ يېزىقچىلىقنى كەسىپ قىلىشىمغا تۈرتكە بولغان.

مەن گەرچە ئۆز ئىجادىيىتىمنى ھازىرقى رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن باشلىغان بولسامۇ، يەنىلا مەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ رېئالىستىك ئىپادىلەش شەكىللىرىگە بەكرەك قىزىققانلىقىم ئۈ-

چۆن 60 - يىللىرى «ئۇچمە سايىسى» ناملىق چۆچەكنى رادىئو دراممىسى شەكلىدە ئىشلەپ چىققىنىم، كېيىن ئۇنى ئىككى پەردە، ئۈچ كۆرۈنۈشلۈك دراما قىلىپ يېزىپ چىققىنىم. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ داستان شەكلىنى قوللىنىپ بىر قىسقا يۇزلىنىپ،«شاھ ۋە غۇلام» ناملىق بۇ كىتابىم ئۈستىدە قەلەم تەۋرەتتىم. بۇنى يېزىشتا پىكىرنى ئەركىن ۋە تولۇق ئىپادىلەپ بېرىشنى كۆزدە تۇتۇپ، تامامەن خەلق داستانى ئۇسلۇبىدىنلا ئەمەس، ھازىرقى زامان داستانچىلىق شەكلىدىنمۇ پايدىلاندىم. شۇڭا بۇ داستانلاردا ۋەقەلىك رېئاللىستىكلىققا ماسلاشتۇرۇلدى، دېتال جەھەتتە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى تاسادىپىيلىق ئاساس قىلىندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن بۇرۇن ئاڭلىغان، ئويلىغان، تەسەۋۋۇر قىلغان پىكىر جەۋھەرلىرىمنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇزاقتىن بۇيانقى ئىزدىنىشىمنىڭ دەسلەپكى مېۋىسى. شۇنداق ئىكەن، بۇ ئىجادىيىتىم كەمچىلىك، خاتالىقلاردىن خالىي بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھۆرمەتلىك كىتابخانلارنىڭ تەنقىدي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## مۇندەرىجە


تۆگمەس بايلىق ........ 1

پالۋاننىڭ سىرى ........ 8

سېخىي ........ 15

ئادىل ۋەزىر ........ 26

قارلىغاچنىڭ ئۆلۈمى ........ 33

شاھ ۋە غۇلام ........ 39

قىسمەتلىك ياشلىق ........ 136

ئەقىللىك مەلىكە ........ 183

# تۆگمەس بايلىق

بولغان ئىكەن بۇرۇن بىر كىشى،
تاپمىغان ئىكەن روناق ھېچ ئىشى.
ئۆتەر ئىكەن ئۇنىڭ ھەر دائىم —
غورىگۆللۈكتە ياز ھەم قىشى.

ئاشماي تۇرۇپ يېشى ئەللىكتىن،
ئۆمرى خازان پەسلىگە كەپتۇ.
تېگىپ ئاخىر بېشى ياستۇققا،
ئاش — تاماقتىن تامامەن قەپتۇ.

ئولتۇرغۇزۇپ ئىككى ئوغلىنى،
دەپتۇ: « يەتتى خوشلىشار ۋاقتىم.
قالغاندىكىلار ئانىدىن كىچىك،
مەن ئۆستۈرۈپ قاتارغا قاتتىم.

لېكىن يوقتۇر قولۇمدا مېنىڭ،
قالدۇرغۇدەك تۈزۈك مىراسىم.
نېمە ئامال كەلمىسە تەلەي،
تەلەيگىمۇ يوق ھېچ ئىخلاسىم.

قالىسىلەر ئەمدى قۇرۇق قول،
مەن ئالغاندا ئۇ ئالەمگە يول.

بار بىر كىتاب بىلەن بىر يامبۇ،
سالار شۇلا سىلەر ئۈچۈن ئۇل».

تۈگمەستىن ئاتىنىڭ سۆزى،
قىزىرىپتۇ چوڭىنىڭ كۆزى.
دەپتۇ: «يامبۇ بولسۇن ماڭا خاس،
ئالسۇن ئىنىم كىتابنى ئۆزى».

ئىنىسىمۇ بولماي نارازى،
دەپتۇ: «ئالغىن بولساڭلا رازى»
شۇ بويىچە بۆلۈپتۇ ئاتا،
بولۇپ ئۆزى شاھىت ھەم قازى.

× ×

ئاتا تۈگەپ، ئاكا ۋە ئىنى،
قەپتۇ ئۆيدە پاناھسىز يېتىم.
دەپتۇ بىر كۈن ئاكىسى رەخمەت:
«ئۇكام ئەخمەت بار ساڭا گېپىم».

ساپتۇ قۇلاق دەرھاللا ئەخمەت،
گەپنى مۇنداق باشلاپتۇ رەخمەت:
«ئانىمىزدىن ئايرىلدۇق كىچىك،
ئاتىمىزدىن كۆرمىدۇق شەپقەت.

قىشتا تىترەپ، يازدا تەپچىرەپ،
تاشلاندۇقتەك ئۆسۈپ چوڭ بولدۇق.

كىردى يېشىڭ ئون تۆتكە سىڭلىڭ،
مەن ئون يەتتە، دېمەك ئوڭ بولدۇق.

يۈرمە شۇڭا ماڭا يېپىشىپ،
ئۆز كۈنۈڭنى ئەمدى ئۆزۈڭ ئال.
مەن يامبۇنىڭ سۈرەي پەيزىنى،
سەن كىتابتىن شەپقەت تىلەپ قال».

كېتىپ قەپتۇ شۇنداق دەپ رەخمەت،
قەپتۇ يالغۇز ئۆيىدە ئەخمەت.
ۋاراقلاپتۇ كىتابنى ئاخىر،
تەقدىرىگە ئىزلەپ ئۇ نۇسرەت.

ئاستا - ئاستا ئوقۇپ كىتابنى،
كېتىپتۇ ئۇ قاتتىق كىردىشىپ.
پۈتۈلگەنكەن بۇنىڭغا تامام،
تېۋىپلاردىن قالغان كۆپ رېتسېپ.

شۇ بويىچە كېزىپ تاغ - ئېدىر،
ئوت - چۆپلەردىن مەلھەم ياساپتۇ.
ساقايتىشنى ھۆددىگە ئېلىپ،
دورىسىنى بازارغا سەپتۇ.

شىپا تېپىپ كېسەللەر ئاندىن،
ماختىشىپتۇ ئۇنى ھەر ياندىن.

بايلىقتىمۇ تونۇلۇپ قاپتۇ،
كەسپى بەخش ئەتكەن ئېھساندىن.

ئەنە شۇنداق كۈلەرنىڭ بىرى،
يۈرگىنىدە ئىشلەپ كۈنسېرى:
كېلىپ قاپتۇ ئۇنىڭ ئالدىغا،
جۇل - جۇل كىيىم، ناتونۇش بىرى.

خۇددى يىللاپ كېسەل تارتقاندەك،
تۇرار تىترەپ نىمجان، بى قۇۋۋەت.
چىققاندەكلا گۈلەختىن ① ھازىر،
ئۈستىبېشى چاڭ - توپا، مەينەت.

بۇ كۆرۈنۈش يېتىم ئەخمەتنىڭ،
ۋۇجۇدىنى چوغدەك ئۆرتەپتۇ.
«كېسەل بولساڭ كۆرەي بىركارغا،
گاداي بولساڭ پۇل بېرەي» دەپتۇ.

«يوقسۇ» دەپتۇ ناتونۇش كىشى،
كۆزلىرىدە لىغىلدىتىپ ياش.
«تونۇمايسەن مېنى نېمىشكە؟
مەن ئاكاڭغۇ، جېنىم قېرىنداش!»

---

① گۈلەخ - ئەينى زامانلاردا ھاممام (مۇنچا) نى ئىسسىتىش ئۈچۈن قالانغان چاۋار - چاتقاللاردىن چىقىدىغان كۈللەرنى تۆكىدىغان ئورەك، بۇ ئورەكلەردىكى كۈللەر يېپىنچىسىز يېتىم - يېسىرلارنى سوغۇقتىن پاناھلايتتى.

ھەيرانلىقى ئېشىپ ئەخمەتنىڭ،
تىكىلىپتۇ ئاڭا سىنچىلاپ.
تونۇپ ئاخىر يېپىپ-تۇ قۇچاق،
قېرىنداشلىق مېھرىدە ياىراپ.

× ×

سىردىشىشلار قىلىپتۇ ئايان،
ئەھۋالىنى ئاكا - ئىنىنىڭ.
ئۆكۈنۈپتۇ رەخمەت تولىمۇ،
قىينالغىنىنى ئېيتىپ جېنىنىڭ.

بىر يامبۇنى بىلىپ چوڭ بايلىق،
سەپەر قىلغان ئىكەن كۆپ ئايلىق.
ئۇيى — كۆرمەك ئىكەن كۆپ شەھەر،
ئويناپ، كۈلۈپ، خۇشال چىرايلىق.

كۈتكىنىدەك بولماپتۇ لېكىن،
پۇلى يولدا دەڭگە كېتىپتۇ.
ئۆتكۈزۈپتۇ گۈلەخلەردە كۈن،
بەزەن تالا - تۈزدە يېتىپتۇ.

يۈرۈپ ئاچ - توق، كېزىپ ھەر يانىنى،
قالماپتۇدەك كېپىشىمۇ پۇتتا.
«تاشمۇ چۈشكەن يەردە ئېزىز»دەپ،
قايتىپتۇدەك ئاخىرى يۇرتقا.

ئاڭلاپ ئۇنىڭ كەچۈرمىشىنى،
چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپتۇ ئەخمەت.
دەپتۇ: «جاپا چەكمەستىن كىشى،
ئۆز كۈننى ئوڭلالماس پەقەت.

مەنمۇ جاپا چەكتىم تالاي يىل،
شۇ كىتابنى ئۆزلەشتۈرگۈچە.
دورا ياساپ سىناپ تالاي رەت،
كىشىلەرگە يۈزلەشتۈرگۈچە.

مانا بۈگۈن ئۇنىڭ بەھرىدىن،
خۇشال - خۇرام ياشاۋاتىمەن.
ئەلگە كەلگەن ئەجەل ۋەھىمىنى،
دورام بىلەن توساۋاتىمەن.

دەيمەن ھەر دەم، نېمىشقە ئۇنى،
ئوقۇمىغان بولغىيدى ئاتام؛
گەر ئوقۇغان بولسىلا ئۇنى،
يوقسۇزلۇقتا بولماس ئىدى رام.

گەرچە قالغان بولسىمۇ بىزگە،
بوۋىمىزنىڭ بوۋىسىدىن بۇ.
گەرچە توپا - چاڭغا كۆمۈلۈپ،
ۋاراقلىرى ئۆڭگەن بولسىمۇ.

ھەر ھەرىپى چاقناپ يۇلتۇزدەك،
يول كۆرسىتەر كۆڭۈل كۆزىگە.

تاپار مەنە پۈتكۈل ئۆمرىگە،
كىمكى كىرسە ئۇنىڭ سۆزىگە.

بۇ ئىنساننىڭ پۈتمەس بايلىقى،
جېنى يايرار چەكسىز يايلىقى.
ياشايدۇ بۇ ئالەم بىلەن تەڭ،
تەن ساغلىقىنىڭ بولۇپ بايرىقى.

جاپا چەكمەي دېسەڭ قايتا رەت،
قىلاي تەقدىم مەن بۇنى ساڭا.
ئاتا قىلار تۈگىمەس بايلىق،
بولساڭ سادىق بىر ئۆمۈر ئاڭا».

شۇ سۆز بىلەن ئەخمەت رەخمەتكە،
كىتابىنى تەقدىم ئېيتىپتۇ.
ئۇنىڭ ھايات بەخش كۈچىدىن.
مەقسىتىگە ئۇمۇ يېتىپتۇ.

# پالۋاننىڭ سىرى

بىر پالۋان بوپتىكەن ئۇزاق ئۆتمۇشتە،
تەگمىگەن چېلىشتا يەرگە ھېچ يېنى.
توۋلاركەن ھەممىشەم چۇشۇپ مەيدانغا،
دەپ: «دىۋە بولساڭمۇ چىق ماڭا، قېنى»!

چىقماسكەن ھېچ كىشى چۆچۇپ ئۇنىڭدىن،
يولۋاستىن ئۇركۇگەن توشقاندەك قېچىپ.
بۇقىدەك يەر چاپچىپ ھۆركۈرەركەن ئۇ،
ساۋۇتتەك كۆكسىگە قوم ـ توپا چېچىپ.

بىر كۈنى ھەممىنى قالدۇرۇپ ھەيران،
نىقابلىق بىر يىگىت چىقىپتۇ سەكرەپ.
مەنسىتمەي قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ پالۋان،
«ئۆزۈڭنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتما» دەپ.

تەھقىقكى، پالۋاننى دېسەك بىر يولۋاس،
كېيىنكچە يوق ئىكەن يىگىت قامىتى.
بوپتۇدەك چىنارغا يانداشقاندەك تال،
ئۇلارنىڭ بۇندىكى تۇرقى ـ ھالىتى.

چىن پۈتمەي بەزىلەر دېسە: «بۇ راستمۇ؟»
بەزىلەر دەر ئۇنى: «ساراڭمۇ ساقمۇ؟»

بەزىلەر دەر تووۋلاپ: «قىلما تەۋەككۇل،
ياكى سەن جېنىڭدىن تويغان ئەخمەقمۇ؟».

پالۋانمۇ دەر كۈلۈپ: «ئېيت ماڭا ئالدىن،
ئۈندۈگسەن بۇ يەرگە قەيەردىن كېلىپ؟
بىلمىگىم لازىمدۇر چۈشەر يېرىڭنى،
تاشلىغان چېغىمدا يەلكەمگە ئېلىپ».

ئۈن - تىنسىز ئېتىلدى پالۋانغا يىگىت،
مەسخىرە كۈلكىگە شۇ بولدى جاۋاب.
كۆتۈردى كىشىلەر ھەيرەتتە شاۋقۇن،
مۇنچە زور جەسۇرلۇق، مەردلىككە قاراپ.

بەل، مۈرە تالىشىپ پالۋانلار بۇندا،
ئۇسۇشقەن بۇقىدەك كەتتى تۇرتۇشۇپ.
ئاياغلار ئاستىدا تىلغىنىپ تۇپراق،
ھاۋاغا بۇلۇتتەك ئۇچتى كۆچۈشۈپ.

يايرىشىپ ۋۇجۇدى ھېرىسمەنلەرنىڭ،
نېچۈندۇر يىگىتكە قالدى بولۇشۇپ.
«يارايسەن» دەپ ئاڭا ئاپىرىن ئوقۇپ،
مەيدانىنى لەرزىگە سالدى تووۋلىشىپ.

بۇ تووۋلاش يىگىتكە بەردىمۇ مەدەت،
ئۇشتۇمتۇت پالۋاننى يەلكىگە ئالدى.

چۆگىلىتىپ قويۇندەك بېشى ئۈستىدە،
كۆچ بىلەن يىراققا ئىرغىتىپ سالدى.

سالغىدىن ئېتىلغان تاش كەبى ئۇچۇپ،
كېسىلگەن چىناردەك يىقىلدى پالۋان.
يىگىتنى بېشىغا ئېلىشتى دەرھال،
ھاياجان ئىلكىگە چۆمگەن ئالامان.

دېيىشتى: «قول قويدۇق جاسارىتىڭگە،
قول قويدۇق باھاسىز ماھارىتىڭگە.
پالۋاننىڭ پالۋىنى بولدۇڭ سەن بۈگۈن،
ئاپىرىن، بۇ يۈكسەك كامالىتىڭگە.

ۋە لېكىن بىلمەيمىز، زادى ئۆزۈڭ كىم؟
نېمىشقا يۈزۈڭگە تاقىدىڭ نىقاب؟
ئال ئۇنى يۈزۈڭدىن، تونۇت ئۆزۈڭنى،
تەقەززا بىز سېنى بىلمەككە شۇ تاپ».

«تەقەززا مەنمۇ ھەم» دېدى پالۋانمۇ،
يىقىلغان ئورنىدىن تەسلىكتە تۇرۇپ.
«يېڭىلگەن ئەمەستىم، سەن يەڭدىڭ پەقەت
قولۇڭنى بەر ماڭا، ئۆتەي دوست بولۇپ».

قولىنى بەردى-دە، يىگىت پالۋانغا،
يۈزىگە تارتىلغان نىقابىنى ئالدى.

تولۇن ئاي چىققاندەك بولدى ئاسمانغا،
بۇ ۋۇتتەك چاچلاردۇ يەلپۈنۈپ قالدى.

تىكىلدى ھەممىسى ھەيران ھەس بولۇپ،
شەھلا كۆز، ئالما يۈز، نازۇك گەۋدىگە.
پالۋاننىڭ پالۋىنى بۇ مەردنىڭ ئايال —
بولمىقى كىمنىڭمۇ سىغسۇن ئەقلىگە؟!

پالۋانمۇ دەرگۇمان بولۇپ بۇ ھالغا،
تىكىلدى سىنچىلاپ ساھىبجامالغا.
«بۇ سەنمۇ؟» دېدى ئۇ ئاخىر ئاھ چېكىپ،
تىزلىنىپ باش ئەگدى دەرھال ئايالغا.

«تىزلىنىش نەھاجەت» دېدى-دە، ئايال،
تۇرغۇزدى پالۋاننى قولىدىن تۇتۇپ.
«قول سىقىپ دوستلاشتۇق، شۇ ھېساب بىزگە،
باش ئۇرماس دوستقا دوست ھەرگىز تىز پۈكۈپ».

«يىقىلماي - يىقىلماي، يىقىلدىم مەن قوش،
بۇ مېنىڭ ئەقلىمنى ئەيلىدى بىھوش.
يىقىتتىڭ چېلىشتا، پاراسەتتە ھەم،
ۋۇمكىنمۇ بۇ ھالدا تىز پۈكمەي تۇرۇش.

ئىككى يىل مۇقەددەم، ھېلىمۇ ئەستە،
يىتىمنىڭ مۇشۇنداق سەن مېنى گەپتە.

تەن بەرمەي مەن ئۇ چاغ، كەتتىم پەش قىقىپ،
يېگانە بېشىڭنى قويۇپ كۆاپەتتە.

مەقسىتىم تالاشماق سەندىن ئۈستۈنلۈك،
بىلدىمكى، قىپتىمەن بەكمۇ كۈپۈرلۈق.
مەنمەنلىك ياراشماس ئىكەن ئادەمگە،
زۆرۈركەن كەمتەرلىك بىلەن شۈكۈرلۈك.

تونۇتتى دەل ئاشۇ كۈپۈرلۈقۇمنى،
بېشىمدىن ھالقىتىپ يەرگە ئۇرۇشۇڭ.
تونۇتتى مەنىسىز مەنمەنلىكىمنى،
ئالدىمدا غادىيىپ شىردەك تۇرۇشۇڭ.

پۆككىنىم شۇڭا تىز، ئەمەس ساڭىلا،
ھەقىقەت ئالدىدا ئەگكەنلىكىم باش.
قول ئېلىپ دوستلاشقان بولساقمۇ گەرچە،
ئاخىر بىز ئەر-خوتۇن، قالغىن ئەلگە پاش».

پالۋاننىڭ سۆزلىرى قىلىپ ئەنى لال،
ھەيرانلىق ئۈستىگە قوشتى ھەيرانلىق.
دېيىشتى: «ئەقىلگە سىغماس بارچىسى،
بارمۇ يا، ئاردا بىرەر شەيتانلىق؟».

«ھېچقانداق شەيتانلىق يوق» دېدى ئايال، —
بۇ مېنىڭ ئىككى يىل بۇرۇنقى ئېرىم.

گەرچە ئۇ ئاتالغان پالۋان بولسىمۇ،
چوڭ سۆزلەپ، كۆڭلۈمنى قىلاتتى يېرىم.

دەر ئىدى: «چېلىشتا يېگانە — بىر مەن،
پالۋانلىق تەختىدە مۇقەددەس پىرمەن.
ھېچ كىشى بىلەلمەس ماھارىتىمنى،
كىشىلەر كۆڭلىدە يېشەلمەس سىرمەن.»

باسالماي ئۆزۈمنى دېدىم بىر كۈنى،
ماقتانچاق كىشىنىڭ يوق ھېچ مەپتۇنى.
سىر دېگىنىز — چېنىقىش كېچە ۋە كۈندۈز،
غادايماڭ ئارتۇقچە پەش قىلىپ ئۈنى.

دېگىنىم شۇ بولدى، تۇتتى جۇدۇنى،
توۋلىدى ساراڭدەك بىلمەي خۇدىنى.
ئاخىرى قالدۇرۇپ مېنى يېگانە،
يوقالدى تاشلاپ ئۇ ماڭا بۇ ئۆينى.

توپتوغرا ئىككى يىل ئۆتتى ئاردىدىن،
شۇ چىقىپ كەتكەنچە كەلمىدى يېنىپ.
بىلگەچكە مەن ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقىنى،
ئۈمىدمۇ كۈتمىدىم قالار دەپ كېلىپ.

پەقەتلا بىر ئۇرسام دەر ئىدىم يەرگە،
ئۇنىڭ شۇ باش ئەگمەس مەنمەنلىكىنى.
ئۇنىڭسىز ئۇ ئالماس ھېچنېمىنى تەن،
چىن پۈتمەس تىرناقچە سەۋەنلىكىنى.

ئەنە شۇ مەقسەتتە بىر موزاي باقتىم،
ئۆتەتتى ئۇ بىلەن ئوينىشىپ ۋاقتىم.
كۆتۈرۈپ ھەر كۈنى ئۇنى نەچچە رەت،
ئۆگزىگە چىقىماقنى مەشق قىلاتتىم.

شۇ مەشق ئىچىدە ئۆتتى ئىككى يىل،
ئايلاندى زورىيىپ موزاي ئۆكۈزگە.
زورايدى كۈچۈممۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ،
ئاچىقىپ تۇردىمەن يەنە ئۆگزىگە.

ئەنە شۇ چېنىققان كۈچىنىڭ رىغبىتى،
كەلتۈردى مېنى بۇ مەيدانغا بۈگۈن.
كۆڭلۈمگە پۈككىنىم ئاشتى ئەمەلگە،
كۆردۈڭلار ھەممىنى، يېشىلدى تۈگۈن.»

شۇ سۆزنى دەپتۇ-دە، پالۋان ئايال،
مىنىپتۇ ئېتىغا نىقابىنى تاشلاپ.
يۇلقۇنۇپ ئات قۇشتەك قىلىپتۇ پەرۋاز،
قەپتۇدەك چېلىشچى كۆزىنى ياشلاپ.

× ×

ئۆتۈپتۇ شۇنىڭدىن بۇيان كۆپ يىللار،
ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپتۇ بۇ ئىش.
دەيدىكەن كونىلار شۇڭا ھەر قاچان،
«يارىتار پالۋاننى مەشق، چېنىقىش».

## سېخىي

بولغان ئىكەن بىر سېخىي كىشى،
تۆرەلگەندەك سېخىيلىققىلا.
تاپسا قانداق ھاجەتمەن ئۇنى،
قايتمايدىكەن قۇرۇق قول ئەسلا.

شۇ چاغ بىرى، تۈگەپ ئاتىسى —
بولماي تۇرۇپ تېخى يەتتىسى.
تۈگىتىپتۇ ئاشلىقىنى يەپ،
ئۈزۈلمەستىن كەلدى - كەتتىسى.

يوقسۇزلۇقتىن بېشىمۇ قېتىپ،
قاپتۇ غەمنىڭ ئىلكىگە پېتىپ.
ئويلاپتۇ ئۇ ئۆتكۈزمەكنى كۈن،
قانداقلارچە ئاش - ئوزۇق تېپىپ.

ئىشلەي دېسە، ئىشنىڭ ئېپى يوق،
تىلەي دېسە، چالار دېپى يوق.
سوراي دېسە، تۇلۇم - قوشنىنىڭ،
ئۇنىڭغا ھېچ ياخشى گېپى يوق.

يېتەلمەپتۇ تېگىگە ئىشنىڭ،
يا تايىنى يوق مەسلىھەتدىشىنىڭ.

تاپالماپتۇ ئامالنى ھېچ،
ئانىسىنى قانداق بېقىشنىڭ.

دەپتۇ بىر كۈن ئانىسى ئۇنىڭ،
«چارىسىنى تاپتىم مەن بۇنىڭ.
ئاڭلىغانمەن بىر سېخىي بار دەپ،
كېلەر ياخشى ئىش قولىدىن شۇنىڭ.

تاپقىن شۇنى، مەن دەردمەن، دېگىن،
ئەسلى ۋەسلىم تائەتمەن، دېگىن.
ئاتام ئۆلۈپ قىسقاردى قولۇم،
بۇردا نانغا ھاجەتمەن، دېگىن.

بولسا سېخىي نامىغا لايىق،
(ئېيتقىنىڭدەك بارچە خالايىق).
ئۇمىدىڭنى قويمايدۇ يەردە،
ھاجىتىڭنى كۆرمەي نالايىق.»

بۇ سۆز بىلەن يىگىت روھلىنىپ،
چىقتى يولغا شادلىققا تولۇپ.
كەلدى قايتىپ لېكىن كۆپ ئۆتمەي،
ئۇمىدسىزلىك ئىلكىدە سولۇپ.

ئاشۇ ھالدا كۆرۈپ ئوغلىنى،
باستى تەشۋىش ئانا كۆڭلىنى.

دېدى: «كەپسەن قۇرۇق قول ئوغلۇم،
تاپالمىدىڭمۇ ياكى ئۆيىنى؟».

دېدى ئوغۇل: «تاپتىم ئۆيىنى،
قول ئېغىزى تاپقاندەك ئاسان.
بىراق ئۇنىڭ سېخىيلىقىغا،
ئىچ - ئىچىمدىن قوزغالدى گۇمان.

بارسام تۇرغان ئىكەن ئۆگزىدە،
بۇغدىيىنى ئاپتاپقا سېلىپ.
سەرخىل دانلار چاقاتتى كۆزنى،
ئۈنچە، مارجان تۈسىنى ئېلىپ.

هەر بىر دانى ئالتۇن تەڭگىدەك،
چىشلىرىغا بېسىپ كۆرەتتى.
رازىمەنلىك تېپىپ چېھرىگە،
هۇزۇرىدىن يايراپ كۈلەتتى.

قانداق بولدى، ئۇنىڭ قولىدىن،
چۈشۈپ كەتتى يەرگە بىر تال دان.
ئېرىنمەستىن چۈشۈپ شوتىدىن،
ئېلىپ چىقتى ئۆگزىگە شۇئان.

كۆرۈپ ئۇنى خۇددى توزغاقتەك،
توزۇپ كەتتى مەندىكى ئىستەك.

قىيىنغاندا بىر دانغا كۆزى،
چاشقانىدۇ ئاغۇزماس كېپەك.

گۇمانىمنىڭ ئەكتى شۇ ئانا،
يېنىپ كەلدىم شۇڭا مەن مانا.
ئۇنداق پىخسىق كىشى قولىدىن،
كەلسۇن قانداق سېخىيلىق يانا؟!»

ئانا ئاڭلاپ ئۇنىڭ سۆزىنى
ئىككىلىنگىنىچە ئويچان كۆزىگە—
دېدى: «چىنىپۇت، ‹گۇمان ئىمانىنى-
قاچۇرىدۇ› دېگەن بۇ سۆزگە.

شامال چىقماي ئىگىلمەس تېرەك،
چىقماس تۇتۇن گەر ئوت ياقمىسا.
چىقماس ئۇنىڭ سېخىي نامىمۇ،
سېخىيلىقتىن شۆھرەت تاپمىسا.

بارغىن بالام يەنە بىر نۆۋەت،
قايتىدا ھەرگىز كۆرۈشمەي تۇرۇپ.
ئەيىبلىمە پىخسىقلىقتا ھەم،
ئاردا گەپ يۈرۈشمەي تۇرۇپ».

قايىل بولۇپ ئانا سۆزىگە،
نۇر ئالدى ئۇ كۆڭۈل كۆزىگە.

يولغا چىقتى، ئىشەنچ، ئۈمىدتىن،
تاقاپ بىر جۈپ قانات ئۆزىگە.

ئۈمىد تولغان كۆزلىرى بىلەن،
قالدى ئۇنى ئۇزىتىپ ئانا.
بىراق ئوغۇل ئۆتمەستىن ئۇزاق،
كەلدى قايتىپ قۇرۇق قول يانا.

دېدى: «ئانا، ئەتىگەن ئەيىب،
قايتقىنىغا ئۇنىڭدىن رايىم.
تۇرىدىكەن بۇخسۇپ ئۇنىڭدىن،
پىخسىقلىقنىڭ بەدبۇيى دائىم.

كىردىم بۇدا ھويلىسىغىلا،
سۆزلىرىڭدىن كېلىپ غەيرەتكە.
تارقىلاتتى ئۇنىڭ ئۆيىدىن،
بىر جېمىلەش تەرەپ-تەرەپكە.

چۈشەندىمكى چىراغقا ئۇلار،
ئىشلىتەركەن تۆمۈر پەرلىگۈچ.
ئوغلى بولسا ياساپ ياغاچتىن،
قىپتۇ ئۇنىڭ ئورنىغا يەڭگۈش.

دەيتتى ئاتا، — ئويلىمىدىڭمۇ،
ياغاچنىڭ ماي سۈمۈرۈشىنى.

بىل تېجەشنى، ئويلىساڭ ئەگەر،
ئائىلىنىڭ گۆللىنىشىنى.

ئاڭلاپ بۇنى سوۋۇدى دىلىم،
لەنەتلەشكە تاس قالدى تىلىم.
قانچىلىك ماي ئىچەر پەرلىگۆچ؟
ئىچسە ئىچەر پەقەت بىر تېمىم!

شۇ بىر تېمىم مايغا تىك تۇرسا،
قانداق «سېخىي» ئاتىلىدۇ ئۇ.
بەلكىم بۇ نام كىنايە ئاڭا،
~~خەسىلىكتە~~ خەسسىلىكتە يادلىنىدۇ ئۇ.»

ئاڭلاپ ئانا ئۇنىڭ سۆزىنى،
تىڭشىغاندەك بولدى ئۆزىنى.
ئاندىن بىردىن كۆتۈردى-دە، باش،
ئوغلىغا تىكتى كۆزىنى.

دېدى: «مەرتەم - مەرتەم، ئۈچ مەرتەم،
ساقلا بۇنى ئېسىڭدە مەھكەم.
باشلار بۇ سۆز ئەستايىدىللىق —
ئۆمىدۋارلىق، تەمكىنلىككە ھەم.

«ئۈچ مەرتەم» گە قىلماققا ئەمەل،
يەنە بىر رەت بارمىقىڭ ھاجەت.

بەلكىم سېنىڭ ئۆيلىنىشىڭدەك،
بولماسلىقى مۇمكىن ئاقىۋەت.»

تاتمىسىمۇ كۆڭلى يىگىتنىڭ،
بارماسلىققا بولمىدى ئامال.
چۈنكى يوللۇق سۆزى ئانىنىڭ،
قىلدى ئۇنى ئۆزىگە قامال.

ماڭدى يىگىت ئاستا سولىشىپ،
ۋۇجۇدىغا تەشۋىش ئولىشىپ.
خالىمايتتى چۈنكى قايتىشنى،
خەسىسلىكىنىڭ گۇۋاھى بولۇپ.

بىراق يىگىت ئاشۇ كەتكەنچە،
بولۇپ قالدى خېلى كۆپ ھايال.
ئەنسىرەشتىن ئانا كۆڭلىدە،
باش كۆتۈردى خىلمۇ خىل خىيال.

دەيتتى: «خەسىس بولسا ئۇ راستتىن،
تەگكەنىدۇ ئوغلۇمغا قوپال.
ئاھانەتكە چىدىماي ئوغلۇم،
تىل سالسىچۇ،
بولار قانداق ھال؟»

بىراق ئانا ئويلىغىنىدەك،
يامانلىقتىن بولمىدى دېرەك.

كەلدى ئوغلى شاد - خۇراملىقتىن،
لەۋلىرىدە ئېچىپ گۈل - چېچەك.

شادلىق تاراپ ئانا بويىغا،
مېھىر بىلەن باقتى ئوغلىغا:
ھەيرانلىقتا چۆمۈلدى ئەپسۇس،
قاراپ قۇرۇق كەلگەن قولىغا.

دېدى: « كەپسەن يانا قۇرۇق قول،
خۇشاللىقىڭ ئالەمچە بىراق.
يا، دوستلۇرۇڭ بىلەن ئۇچرىشىپ،
خۇش كەيپىڭە بولدۇڭمۇ ئورتاق؟»

« يوغسۇ، — دېدى ئوغۇل خۇش كۆلۈپ،
ياندىم سېخىي ئۆيىدىن يانا.
«ئۈچ مەرتەم» نىڭ خاسىيىتىدۇر،
بۇ شادلىقنىڭ ۋەجى جان ئانا.

بېرىشىمغا كۆرۈپلا مېنى،
تونۇشتەكلا ئۆيگە باشلىدى.
قول قولىغا تەگمەي بىر دەمدە،
ئاجايىپ مول داستىخان راسلىدى.

ھەيرانلىقىم ئاشتى بۇنىڭغا،
دىلدىن ھۆرمەت تاشتى ئۇنىڭغا.

دېدىم: «نېچۈن كايىيسىز بۇنداق،
مەن ئەمەسمەن لايىق بۇنىڭغا.»

«يوقسۇ، — دېدى، — تاتىمسا كۆڭلى،
كىرمەس بىر كىم، بىركىم ئۆيىگە.
كىرگەن ئىكەن ئۇ ئېسىل مېھمان،
چىقىش كېرەك ئۆيىنىڭ تۆرىگە.

شۇڭا تۆگە سويسامۇ سىزگە،
يوقتۇر ھەيران قالغۇچىلىكى.
ئەپسۇس، سالغان داستىخىنىمنىڭ،
يوقتۇر تىلغا ئالغۇچىلىكى.

يۈرۈكۈمدە قوزغىدى سۆيگۈ،
ئۇنىڭ شۇنچە سۆيۈملۈكلۈكى.
ئۈندىدى ھەم راست گەپ قىلىشقا،
قىزغىن، ئوچۇق كۆڭۈللۈكلۈكى.

شۇڭا باشتا كۆرگەنلىرىمنى،
قىلدىم بايان ئاڭا بىر - بىرلەپ،
دېدىم: «سېخىي ئىكەنسىز راستتىن،
ئۆزىڭىزگە چىڭ كەنسىز ئەجەب؟»

دېدى: «كىشى كەلمەس دۇنياغا،
ياشىماققا ئۆزى ئۈچۈنلا.

ئادەم بىلەن ئادەم ئۇ ھامان،
ئادەمسىز ئۇ مەخلۇق، يوچۇنلا.

شۇڭا دەيمىز «ئەلدىن ئەلگە نەپ»،
«بەجايىكى توي ئەل بىلەن ئۆلۈم.»
بولماس ھەرگىز ئەلسىز، يارەنسىز،
ھېچ كىشىگە كۆڭۈللۈك كۆرۈم.

قاپقىنىمنى تېجىمەك شۇڭا،
باشقىلارغا ئېشىنىماق ئۈچۈن.
تېجىمىسەم ئېشىنىماق تۈگۈل،
ئۆزۈمگىمۇ يەتمەيتتى بۈگۈن.

تېجىگەشكە ئۆيۈمدە مانا،
ھەممە نەرسە تۇردۇ ئېشىپ.
كۈن چۈشۈپتۇ بېشىڭغا دوستۇم،
ھارۋاڭ بولسا كەتكىن لىق بېسىپ.»

ئاڭلاپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئانا،
دىلدا شادلىق ياسىدى ئۆركەش.
دېدىم: «بايلىق بەردىڭىز چەكسىز،
ئۇ بولسىمۇ ئىشلەش ۋە تېجەش.»

شۇنىڭ بىلەن قايتتىم قۇرۇق قول،
خۇشاللىقىم ئالەمچە بىراق.

ئۇندىن ئالغان ئاشۇ بايلىقىم،
ئەمدى مېنى تاپقۇزار روناق».

شۇ سۆز بىلەن دەرھاللا يىگىت،
كىرىشىپتۇ يەرنى ئويۇشقا.
دەسمايىسىز ئىشلەش، تېجەشنىڭ،
ياخشى يولى — كېسەك قۇيۇشقا.

ھەپتە ئۆتمەي دۆۋىلىنىپ كېسەك،
پۇل بولۇشقا باشلاپتۇ راسا.
ئايلار ئۆتۈپ تۇرمۇشنى ئۇلار،
ئۆتكۈزۈپتۇ خېلى كەڭتاشا.

لېكىن يىگىت سېخىي سۆزىنى،
چىڭ ساقلاپتۇ ھامان ئويىدا.
سەھەر تۇرۇپ ياتىدىكەن كەچ،
ۋاقتىنىمۇ تېجەش كويىدا.

ئۆتۈپ يىللار تونۇلۇپتۇ ئۇ،
«قولىدا بار ئۆتۈنىڭ بىرى» دەپ.
تارقىلىپتۇ نامىمۇ ھەر يان،
«سېخىيلىقتا مەردلەر پىرى» دەپ.

# ئادىل ۋەزىر

بولغان ئىكەن بىر ۋەزىر،
ئادىللىقتا نام ئالغان.
تەرىپى ھەم شەرىپى،
ئەلدىن ئەلگە تارالغان.

ئۆتىدىكەن كۈنلىرى،
تىنىمسىزلا ئىش بىلەن.
كارى يوقكەن كۈندۈز، تۈن،
پاكى باھار، قىش بىلەن.

كەلسە قاچان، كىمدۇ كىم،
خىزمىتىگە تەق ئىكەن.
دادىخاھلار دادىغا،
ئىلتىپاتى نەق ئىكەن.

بولار ئىشنى ھېچقاچان،
تۇرمايدىكەن مىجىپمۇ.
سۇرمەيدىكەن كەينىگە،
قۇرۇق قەغەز جىجىپمۇ.

ئۈنىڭ ئۈچۈن تەڭ ئىكەن،
مەيلى گاداي، مەيلى باي.

ئىشلەيدىكەن چورت كېسىپ،
ھەرگىزمۇ يۈز قارىماي.

بىلمەيدىكەن ۋە لېكىن،
ھەرگىز پارە دېگەننى.
بابلايدىكەن ئەكسىچە،
بىلسە پارە يېگەننى.

شۇڭا ئۇنى كىشىلەر،
شېشىدەك پاك دەيدىكەن.
كۆڭلى ـ كۆكسى بەكمۇ كەڭ ـ
سۈتتىنمۇ ئاق دەيدىكەن.

شۇڭا ئۇنىڭ نامىدىن،
ئەلنىڭ قەلبى شاد ئىكەن.
ئۇچراشقاندا ئۇ بىلەن،
قورۇنۇشمۇ يات ئىكەن.

كەپتۇ يوقلاپ بىر كۈنى،
ئۇنى ئىككى ئاقساقال.
ئىككىسىلا دېھقانىكەن،
كىيىملىرى بەك ئۇسال.

بۇ چاغ قۇياش ئولتۇرۇپ،
تاغ كەينىگە مۆككەنىكەن.

ۋەزىر چىراغ تۇۋىدە،
ئىش قويىنىغا چۆككەنكەن.

كۆرۈپ ئىككى كىشىنى،
توختىتىپ ئۇ ئىشىنى.
خۇشال تۆرگە باشلاپتۇ،
ئېگىپ مەغرۇر بېشىنى.

سالام ـ سائەت قىلىشىپ،
سالامەتلىك تىلىشىپ.
دەپتۇ ۋەزىر ئاخىرى،
قېلىپتىلا كېلىشىپ؟

سۆزلەپ ئۇلار ۋەجىنى،
قوغۇنچى بىز دەپتۇدەك.
باش ـ بۇرنىنى قوغۇنىنىڭ،
بۇيان ئېلىپ كەپتۇدەك.

يوقكەن ئۆزگە نىيىتى،
كۆڭلى ئىكەن بۇ پەقەت.
ئەل ئاتىسى ۋەزىرگە،
سادىق بولۇش تائەبەت.

بۇ سۆز بىلەن ئەجەبكى
ۋەزىر دەسلا تۇرۇپتۇ.

چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ،
شام ياندۇرۇپ قويۇپتۇ.

لېكىن ئۇنىڭ تۇرقىدا،
بولماپتۇ ھېچ ئۆزگىرىش.
لەۋلىرىدىن ئۆچمەپتۇ،
پاك تەبەسسۇم، خۇش كۈلۈش.

قوغۇننى تىلدۇرۇپ،
يەپتۇ ھەممە داڭلاپتۇ.
سوئال سوراپ، يېزىنىڭ،
ئەھۋالىنى ئاڭلاپتۇ.

گەپ كەينىدىن گەپ چىقىپ،
گەپكە لايىق نەپ چىقىپ.
ئاشپەز ئاشقا زورلاپتۇ،
ھەرخىل تاماق ئـاچىقىپ.

يېمەك، ئىچمەك كۈلۈشمەك،
دىلنى دىلغا چېتىپتۇ.
تېخى ۋەزىر ئۇلارغا،
ئۈستىلەپ تون يېپىپتۇ.

دەپتۇ: « تېتىپ قوغۇننى،
كۆردۈم ئەلا ھەسەلدىن.

كەلدى بۇ تەم قەيەردىن؟
كەلدى ئاچچىق شۇ تەردىن.

«تۇغار ئاچچىق تاتلىقنى،»
دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى بۇ.
دۇنيادىكى ھەممىلا،
يارالمىشنىڭ كۆزى بۇ.

يارىتىڭلار تېخىمۇ،
تاتلىقلاردىن تاتلىقنى.
قوزغىتىڭلار تېتىتىپ،
ئەل قەلبىدە شادلىقنى».

مويسىپىتلار بۇ سۆزدىن،
كۈچىگە كۈچ قېتىپتۇ.
بىراق قايتىش ئالدىدا،
مۇنۇ سۆزنى ئېيتىپتۇ:

«ۋەزىر ئەزەم بىز سىزنى،
كەلگەن ئىدۇق ئۆز بىلىپ.
سىزمۇ بىزنى كۈتتىڭىز،
دوستىڭىزدەك ئۆز بىلىپ.

بىراق كەلدى كۆڭۈلگە،
ئالماشقىنى چىراغنىڭ.

بەلگىمۇ بۇ دىلدىكى،
يېقىن بىلەن يىراقنىڭ؟»

ۋەزىر ئاڭلاپ بۇ سۆزنى،
قاھ ـ قاھ ئېتىپ كۈلۈپتۇ.
چۈشەندۈرۈپ ئاخىرى،
مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

«ئىشلىسەمۇ ئوردىدا،
ئەل ئالدىدا چاكارمەن.
كۆيۈپ ئەلنىڭ ئوتىدا،
ئەل سۈيىدە ئاقارمەن.

سىڭسە ئەجرىم قانچە كۆپ،
ئىشلىدىم كۆپ دېمەيمەن.
پايدىلىنىپ ئورنۇمدىن،
هارامدىن نەپ يېمەيمەن.

شۇڭا ئادەت مەن ئۈچۈن،
چاكىنى ئېنىق ئايرىماق.
مىسال بولار بۇنىڭغا،
ئالماشقىنى شام، چىراغ.

شامنى ئۆزۈم ئالىمەن،
چىراغ مېيى ئوردىنىڭ.

پەرقى روشەن مەن ئۈچۈن،
ئىككىسىنىڭ ئورنىنىڭ.

قىلسام دۆلەت ئىشىنى،
يانار چىراغ ھەمىشەم.
ئالمىشار شام چىراغقا،
ئۆز ئىشىمنى ئىشلىسەم.

ئەنە شۇنىڭ ۋەجىدۇر،
سىلەر كۆرگەن ئالمىشىش.
سۆھبىتىمىز دېمەككى،
پەقەت ماڭا تالىق ئىش.»

مويسىپىتلار بۇ سۆزگە،
بارىكاللا ئېيتىپتۇ.
تىلەپ ئۆمۈر ۋەزىرگە،
دۇئا قىلىپ كېتىپتۇ.

# قارلىغاچنىڭ ئۆلۈمى

سۇلايمان دېگەن بىر شاھ بوپتىكەن،
ئاغزى قاپتەك، بۇرنى يوق ئىكەن.

بىلمەيدىكەن ھېچ شەپقەت دېگەننى،
كەلتۈرگەنگە ئاش ئاتار لېگەننى.

چۈشۈرسە پەرمان تۇرۇپ ھەممە تەق،
دەيدىكەن: «شاھىم پەرمانىڭىز ھەق».

قۇشلارمۇ ئاڭا سۇناركەن بويۇن،
تۈزەلمەس ئىكەن مەيلىچە سورۇن.

× ×

ئېلىپ بىر كۈنى ئايالىنى شاھ،
قىلىپتۇ شىكار تاشلاپ خوش نىگاھ.

گۈللەر پايانداز بوپتۇ يولىغا،
سايراپتۇ كاككۇك قونۇپ قولىغا.

ئېلىپ خۇش نەپەس ئەركىن ھاۋادىن،
ئېشىپتۇ خۇشال تاغۇ دالادىن.

بىراق ئايالى هالسىراپ قاپتۇ،
دەرد ئېيتىپ شاھقا بىلجىراپ قاپتۇ.

دەپتۇ: «يوق هالىم سەپەر دەستىدىن،
ئۆرتەندى جانىم قۇياش قەستىدىن.»

يانار بىر تونۇر ئىچىمدە شۇتاپ،
بولدى ئىسسىقتا تېنىم ئوت - كاۋاپ.

قىلغىن قۇياشنىڭ قەستىگە ئامال،
دوزاخ تەپتىنى ئەيلە تېز قامال.»

دەپتۇ شاھ كۈلۈپ: «سۆزۈڭ خوپ، بىراق،
يوقتۇر ئامالىم، چۈنكى ئۇ يىراق.

بولماس ئۇنىڭغا ئېتەك ياپقىلى،
ماگايلى تېزرەك سايە تاپقىلى.»

«سۆيسەڭ مېنى چىن، — دەپتۇ ئايالى،—
تېپىلار بۇنىڭ چەزمەن ئامالى.

قۇشلارمۇ خىزمەت قىلماققا قادىر،
چۈشۈرۈپ پەرمان ھەممىنى چاقىر.

كەلسۇن ھەممىسى دەرھال ئولىشىپ.»
ئۇچسۇن ئۈستۈمدە كۈنلۈك بولۇشۇپ.»

شۇ بىلەن قۇشلار كەپتۇ قېشىغا،
سايە تاشلاپتۇ خانىش بېشىغا.

ۋە لېكىن خانىش كايىپتۇ يەنە:
«بىر قۇشنىڭ ئورنى بوش قاپتۇ ئەنە.»

تاشلاپ شاھ نەزەر شۇئان ساماغا،
چۈشۈپتۇ كۆزى بىر تال كاماغا.

كەلمىگەن ئىكەن دېمەك بىرلا قۇش،
شۇ سەۋەب ئورنى قالغان ئىكەن بوش.

ئاشۇ بوشلۇقتىن ئۆتۈپ كۈن زەھرى،
ئۆرتىنەر ئىكەن خانىشنىڭ چېھرى.

كەپتۇ غەزەپكە شاھ كۆرۈپ بۇنى،
دەپتۇ لاچىنغا: «باشلاپ كەل ئۇنى!»

كۆپ ئۆتمەي بەجا بولۇپتۇ بۇيرۇق،
كەپتۇ باش ئېگىپ بىر ئاچا قۇيرۇق.

دەپتۇ شاھ ئاڭا: «ھەي، ھەي، قارلىغاچ،
قۇيرۇقۇڭ كەمتۈك، ئۆزۈڭ ئالىماچ.

دىلىڭمۇ شۇنداق ئالىمۇ سېنىڭ،
ئەقلىڭ ھەم كەمتۈك، چالىمۇ سېنىڭ؟

كىرمەيسەن نېچۈن بۇيرۇققا، سۆزگە،
ئىلمامسەن ياكى شاھنى سەن كۆزگە؟»

دەپتۇ قارلىغاچ: «يوقسۇ ئى شاھىم،
چىقىپ قالغانىدى بىر ئاز ھېسابىم.

بۈگۈن ئاشۇنى چىقىرىش ئۈچۈن،
كېچىكىپ قالدىم، شاھىم كەچۈرۈڭ».

«نېمە ھېساب ئۇ ئېيتقىن ئالدىمدا،
ئېيتمىساڭ ئۆلۈم بولسۇن يادىڭدا».

«ھېسابىم شۇدۇر ئى ئۇلۇغ شاھىم،
جاھاندا كۆپمۇ ئالىم يا زالىم؟»

«ئېيتقىن، كۆپ ئىكەن قايسىسى قېنى؟
ئېيتمىساڭ لەھەت كۆنگۈسى سېنى!»

«ئېيتسام، ئېيتمىسام بەرىبىر ئۆلۈم،
يوق ئىكەن ماڭا ھەرگىزمۇ كۈرۈم.

شۇڭا ئۈندىمەي ئۆلۈپ كەتكەندىن،
دەردنى ئىچىمدە ئېلىپ كەتكەندىن.

سۆزلەي ھەممىنى ئاڭلاڭ ئى شاھىم،
مانا مۇنداق بولدى ھېسابىم:

كۆپ ئىكەن ئالىم، ئاز ئىكەن زالىم،
زالىم دەستىدىن خار ئىكەن ئالىم.

زالىمنىڭ ئورنى گۈلشەندە ئىكەن،
ئالىمغا زالىم كۈشەندە ئىكەن.

ئالىم خەلقىنىڭ كويىدا ئىكەن،
زالىم ئەيشىنىڭ ئويىدا ئىكەن.

ئاڭلانماس ئىكەن ئاڭا ئەل زارى،
ئەل بىلەنۇ ھەم بولماسكەن كارى.

كىرىپ ھەمراھى خانىش سۆزىگە،
دۇنيا كۆرۈنەر ئىكەن كۆزىگە.»

دەپتۇ پادىشاھ تۇرالماستىن جىم:
«دۇنيا كۆزىگە كۆرۈنمىگەن كىم؟»

دەپتۇ قارلىغاچ: «كۆككە تىكىلىڭ،
بۇلۇتتىن تولا قۇشقا سەپ سېلىڭ.

ھەممىسى قىلىپ ۋاقىتنى زايە،
خانىشىڭىزغا تاشلايدۇ سايە.

بىلمەيسىز بىراق، ئۇلار ھالىنى،
باقار ھەر بىرى تۆت - بەش بالىنى.

قالسا ئۇلار ئاچ، تىرىك ئۆلمەمدۇ،
ئەجەل سىزگىمۇ قاراپ كۆلمەمدۇ.

ئويلىنىڭ شاھىم، بۇ زور زالىملىق،
سۆزلىرىم مېنىڭ شەكسىز ئالىملىق.»

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ
چەكسىز غەزەپتە شىمايلاپتۇ يەڭ.

توۋلاپ جاللاتقا قىلىپتۇ بۇيرۇق:
«ئۇجۇقسۇن دەرھال بۇ ئاچا قۇيرۇق!»

قارلىغاچ بېشىدىن ئايرىلىپ شۇئان،
قاپلاپتۇ يەرنى لالە رەڭلىك قان.

قارلىغاچ هالىغا چىدالماي قۇياش،
كىرىپ بۇلۇتقا، ئېقىتىپتۇ ياش.

بورانلار چىقىپ يامغۇر يېغىپتۇ،
قۇشلار ئۆيىگە تارقاپ كېتىپتۇ.

شاھ بىلەن خانىش جۇدۇندا قاپتۇ،
تېنىنى تاشقىن قوينىغا ئاپتۇ.

قۇشلا ئازادىش شۇنىڭدىن بۇيان،
كەتمەپتۇ بىكار قارلىغاچ تۆككەن قان.

# شاھ ۋە غۇلام

## مۇقەددىمە

بۇ ئالەم بىنا بولۇپ ئۆتتى ئۇزاق،
ئۆتتى قانچە يىل - ئەسىرلەر، يوق ساناق.
كىشى ئۆمرى بۇندا بىر ئۇچقۇنچە يوق،
ئۇ كېلەر كەتمەك ئۈچۈن مېھمان سىياق.

شۇندىمۇ ئالەمگە ئادەم ئىگىدۇر،
بۇ ئالەم مەھسۇلىنىڭ ھەم بېگىدۇر.
كىشىلىك تارىخى ئالەم تارىخى،
چېكى ئالەمنىڭ ھاياتلىق چېكىدۇر.

ياشىماققا شۇڭا ھەردەم مەنىلىك،
يېڭى ئارزۇ بىرلە ھەركىم قەلبى لىق.
ئۆگىتەر ئەۋلادقا ئەجداد شۇ ئۈچۈن،
«كىشى بول، — دەپ، — ئەل - ۋەتەنگە پايدىلىق.»

چۆگىلەر گەرچە پەلەك ئوڭ ياكى سول،
ئاشۇ مەسلەك يۈكسىلىشكە بولدى رول.
چىقتى نى - نى قەھرىمانلار يەڭ تۇرۇپ،
چەك بىلەن ئاچماققا ئەلگە توغرا يول.

بولسىمۇ پارە ئۇلار مەغلۇپ بولۇپ،
ئۆچمىدى ئەسلا روھى مەرغۇپ بولۇپ.
بولدى داستان ئەل تىلىدا ئىش ئىزى،
روھى ئەلنى جەڭگە ئۈندەپ جۇش ئۇرۇپ.

ئۆتسىمۇ سانسىز ئەسىرلەر ئارىدىن،
چىققىنى يوق ئۇ خەلقنىڭ يادىدىن.
شۇڭا داستان بولدى مەردلىك قىسسىسى،
جاي ئېلىپ ئۆچمەس رىۋايەت بابىدىن.

شۇ رىۋايەتتىن بۈگۈن تىزدىم نەزىم،
روھىنى قىلسۇن ئۈچۈن دوستلار ھەزىم.
باشلىغايمىز قىسسىنى، سوزماي تولا،
قەھرىمانلىق ئالدىدا ئەيلەپ تەزىم.

## بىرىنچى باب

# قاباھەتلىك چۈش

پەلەكتىن ياخشىلىق كەلدى دېبان كۆڭلۈڭنى شاد ئەتمە،
يامانلىق ھەم يېتەر ھالا ئۇنۇت ئۆتكەننى ياد ئەتمە.
(نەۋائى)

بېزىلىپ ئۈستىبېشى زەر ـ لەئىلىدىن،
ئالدى جاي شاھ سۆيۈنۈپ زەر تەختىدىن.
ئۇ كۈمۈش جامدا ئىچىپ گۈلگۈن شاراب،
بولدى كىرگەندەك بېھىشكە كەيپىدىن.

قىلدى ئىما بىرلە خالىي خانىنى،
ئەسكە ئالدى زوق بىلەن ئەجدادىنى.
يەتتە ئەۋلاد ئۆتتى تەختتە ئولتۇرۇپ،
جىنىدەك قوغداپ بۇ شاھلىق تاجىنى.

ئاشۇ تاج بەردى ئۇلارغا ئىمتىياز،
ئۆمرى بېغى كۆرمىدى قىش، قۇچتى ياز.
ھەر سۆزى قانۇن بولۇپ سۈردى ھۆكۈم،
كۈنگە تەگلەشتى ئۆزى بى ئېتىراز.

ماگسا مەخمەلدىن پايانداز يولىدا،
ئىچسە ئالتۇندىن كاسە ـ جام قولىدا

ياتسا يەلپۈيدۇ پەرىلەر ناز بىلەن،
قوپسا ئوينايدۇ ئۇسسۇل ئوڭ - سولىدا.

چىقسا سىرتقا ئەل ئاڭا ئەيلەر تەزىم.
تۈزۈشۈپ بەس - بەستە شائىرلار نەزىم،
بىلمىگەي قايغۇ نىمە، ھەسرەت نىمە؟
كۆرمىكى ھەم بىلمىكى ئىشرەت - بەزىم،

تولدۇرۇپ خەزىنىنى نۆۋكەرلىرى،
تۈردۇ يوللاپ سوۋغا باي - بەگلىرى.
ئالىدۇ، بەرمەيدۇ ئۇ ھېچ كىشىگە،
ئاڭا خاس ئەل بايلىقى ھەم تەقدىرى.

گەر غەزەپ قىلسا تۇتار ئالەمنى مۇز،
چەكسە ئاھ قاپلار جاھاننى ئوت - تومۇز.
ئۇ تەبەسسۇم ئەيلىمەي ماتەمدە ئەل،
ھەم ۋەتەنگە بولمىغاي راۋا نورۇز.

گەر ھەۋەس قىلسا قوشۇشنى يەرگە يەر،
ئۆزگە ئەلگە قىلسا بەس قانلىق سەپەر.
قەدىمىدە تاغ بولار دۈشمەن بېشى،
يەر كىچىكنى چوڭ بىلىق تۆكمەيمۇ تەر...

قىلدى شاھ شۇنداق خىيال مەي كەيپىدە،
نىمە دەرسىز ئۇنىڭغا بۇ پەيتىدە.

ئىختىيارى ئۆزىنىڭ قىلسا نېمە،
ئۆزىتارمىز ھەممىنى ئۆز نەرقىدە.

قەلەممىنى ئەمدى خالىس يۈرگۈزەي،
تەسۋىرىمگە ئەمدى چىن جان كىرگۈزەي،
سىز ئەيىب ئەتمەڭ مېنى، تىڭشاڭ پەقەت،
يىغلىتاي ياكى بىھۇدە كۈلدۈرەي.

بولسىڭىز بىلمەك ئۇنىڭ ئىسمى رىزا،
خۇش پىچىم قامەت، بەدەن ـ بەستى تازا
كۆرۈنەر تەمكىن، مۇلايىم سىرتىدىن،
تەخت ئۈچۈنلا تۇغۇلغاندەك گويا.

يېشى ئەللىككە تېخى يەتكىنى يوق،
چېھرىنى قورۇق ماكان ئەتكىنى يوق،
ئاق يۈزىنىڭ زىننىتى قارا ساقال،
چېچىغا ھەم ئاق كىرىپ كەتكىنى يوق.

چىقتى تەختكە ئۇ يىگىرمە يېشىدا،
بوپ مىراسخور ئاتىسىنىڭ ئىشىغا.
ئۇ قىلىچ سۆيۈپ شۇ چاغ قىلغان قەسەم،
«بولىمەن، — دەپ، — سايىۋەن ئەل بېشىغا».

ئۇ تولۇق چىقماققا قىلغان ئەھتىدىن،
ھەم رىزا قىلماققا ئەلنى بەختىدىن.

باغلىدى بەل پەرۋەرىش تاپماققا تىز،
ئېپ قەلىم دۆلەت قانۇنى - شەرھىدىن.

بولدى ئۇستاز ئۇنىڭغا ئەينى زامان،
ئاتىسىنىڭ چىن ئەقىلدار - پەخرى نامان.
بولسا ئۇستازغا تەلەپچان ياخشى شاگىرت،
ئۆگىتىپ ھارمايدۇ ئۇستاز ھېچقاچان.

ئۇ ئۆگەتتى رىزا شاھقا بىلىم،
بېھېساب شادلىقتا ئالماستىن تىنىم.
ۋە لېكىن ئۇ قانچىلىك تەر تۆكسىمۇ،
كۆرمىدى ئۆز ئىشىدا ھېچ چوڭ ئۇنۇم

چۈنكى شاھقا ھەممىنى بەرگەن تەقدىر،
پەم - پاراسەتتە ئۇنى قىپتۇ پەقىر.
تۆكتى ياش ئۇستاز ئامالسىز ئاھ چېكىپ،
بۇ بېخىللىق ئالدىدا قىلماي تەخىر.

دېدى: « ئاللا، نە ئۇچۇن قىلدىڭ ھەزىل،
يارىتىپ شاھقا دۆلەت، بەرمەي پەزىل.
تۇرسا ئۇ كۈرمەتلىغان ئەلنىڭ بېشى،
بولمىسا قانداق، شۇنىڭغا ماس ئەقىل؟

سەن ئۆزۈڭ بەرمەي ئۇنى، تاپماس كىشى
كى ئۇنى تاپماي، روناق تاپماس ئىشى.

ئۆزىگە ھەم ئۆزگىگە ئارتۇقچە يوك،
ئەنە شۇنداقلارنىڭ تامامۇ قىلمىشى.

نە ئامال ئەگمەي يەنە رايىڭغا باش،
ئىككى ئالەمدە ئۆزۈڭ غەمخور ـ قاياش.
سەن ئۆزۈڭ لوتىپ ئەيلىمەي تەۋرەمدۇ قىل،
قىل ئۈزۈلمەس بۇيرۇساڭ ئاسقانغا تاش.

قىل ئالىي پەزىل بىلەن شاھنى تەمىن،
ئەل ۋۇجۇدى يايرىسۇن، تاپسۇن ئەمىن.
سەجدىگاھىڭدا بولاي مەن بىر ئۆمۈر،
قىل ئىجابەت شۇ تەلەپنى، ئا ... ئامىن ...

تىترىدى قول ... سۇركىدى ئۇ يۈزىگە،
لىققىدە ياش ئالدى بىر جۈپ كۆزىگە.
قىلدى سەجدە قايتا ـ قايتا باش ئۇرۇپ،
يول تىلەپ شۇ كەلگۈسى مۆجىزىگە.

ئۆتتى كۈنلەر سەجدىدە ئېھسان تىلەپ،
شاھقا ئىدراك بابىدا ئىمكان تىلەپ.
ئەكسىچە شاھ بوشىشىپ ئۆز ئەھتىدە،
تاشلىدى دەرس راھىتى دەۋران كىنەپ.

كەلدى قايتىپ بالىلىق بەگباشلىقى،
خۇددى تۇتقاندەك ئاساۋ ئات شاشلىقى.

يۇردى شىكار، سەيلىدە تارتىپ ساداق،
ئۆتتى ئىشرەت ئىلكىگە ئۇز ياشلىقى.

ئۇنتۇدى ئۇستازىنى هەم ئەهتىنى،
ئۇنتۇغاندەك مەنىسىز چۇش شەرهىنى.
ماختىشىدىن تۇغما ماختاش ئەهلىنىڭ،
باستى دات ئەسلىدىمۇ كەم ئەقلىنى.

سەزدى غالىپ ئۆزىنى ئۇ هەممىدىن،
مەي ئىچىپ ماختاش، خۇشامەت جامىدىن.
تەلۋىلىك بىرلە هۆكۈم سۈردى ئۇزاق،
چۇشۇرۇپ پەرمان ئۇلۇغۋار نامىدىن.

قاپلىدى شېرىن سۇخەنلەر ئوردىنى،
ئالدى نامەردلەر باهادىر ئورنىنى.
يۇرتنى قاششاقلىق ئېلىپ ئۆز ئىلكىگە،
يايدى كەڭ ئوغرى - قاراقچى تورىنى.

ئۆتتى غاپىللىقتا شاهنىڭ كۈنلىرى،
مەست بولۇپ ئىشرەت بىلەن هەم تۈنلىرى.
ئوردا، يۇرت ئارا گويا سوقۇلدى تام
ئۇندىن ئاڭلانماس خەلقنىڭ ئۈنلىرى.

بولمىسا كۆڭۈلدە كۆز، يوق كۆز رولى،
ئايرىماس هالال، هارامنى هەم قولى.

پاكلىقىدىن رەنجىگەي كىممۇ تۈنىكى،
تۈرسا ئۇ ئاشۇ ئاجىزلىق مەھسۇلى.

قالمىغايسىز شۇڭا تاڭ شاھىنىڭ بايا —
تۈرۈشىغا ماختىنىپ قىلماي ھايا.
ماختىنار ئۇ دەخلىسىز نۇسرىتىدىن،
بەردى نۇسرەتنى ئاڭا ئاللا گويا.

ئاشۇ شادلىق كەيپىدىن ھۇزۇرلىنىپ
تۈيغۇدا كەتتى كۆزى مەستخۇش بولۇپ.
ئالدىدا ئېچىلدى يېڭى مەنزىرە،
ئۇ نەزەر تاشلايدۇ مەغرۇر ئولتۇرۇپ.

مانا دەريا ئاقىدۇ ئۆركەش ياساپ،
تۈرىدۇ تىك چوققىلار ھەريان توساپ.
قوغلىشار دولقۇننى دولقۇن جۇش ئۇرۇپ،
تولغىنار دەريا سۇيى كۆكنى قاساپ.

يايلىلىق شىردەك بە جايىكى ھەر - بىرى،
خۇددى پىلدەك ھەيۋىلىكتۇر سەپىرى.
ھەر قۇرام تاشلار غۇلايدۇ دومىلاپ،
سىغمىغاي يازسا ئەقىلگە تەسۋىرى.

داجىدى شاھ ئارقىغا ئۇندىن چۆچۈپ،
كەلدىمۇ دەپ قايتىدىن توپان كۆچۈپ.

ۋە لېكىن ئۇ سۇ ئەمەس، قاندۇر تامام،
كەتتى شاھنىڭ شۇ ھامان رەڭگى ئۆچۈپ.

قان ئېقىپ كەلمەكتىدى راستلا بۇيان،
شاۋقۇنى پۈركەر قىزىل قان كۆك سايان.
كىردى قانىنىڭ رەڭگىگە ئاسمان - زېمىن،
قارىيىپ كەتتى قۇياش لېكىن شۇئان.

ئاشۇ قان قورشاپ رىزانىڭ تەختىنى،
خۇددى ئالماقچى كىشىدەك ئەنتىنى.
سوزۇلۇپ ھەر مەۋجىدىن بىر دانە قول،
ئىنتىلەر پۈكمەككە شاھنىڭ قەددىنى.

ھودۇقۇپ شاھ ئاشۇ قوللار ۋەھىمىدىن،
داجىدى - دە، ئاتتى موللاق تەختىدىن.
باستى قايىنامغا ئۇنى قوللار شۇئان،
پىرقىراپ شاھ ئالدى جاي سۇ تەكتىدىن.

چىرمىغاندەك تەنىنى زىندان زەنجىرى،
چىرمىدى شاھنى شۇ قولنىڭ ھەر بىرى.
بولدى پەيدا پادىشاھنىڭ ھالىدىن،
تورغا چۈشكەن شۇم چىۋىنىنىڭ تەسۋىرى.

ئايرىغاندەك ھەم پىيازنى پوستىدىن،
ئايرىدى تاج، تونىنى شاھ ئۈستىدىن.

بولدى غايىپ شۇ ھامان قان تۆپىنى،
قالمىدى ئىز ئەسلى ھالەت تۈسىدىن.

ئايلىنىپ ئادەمگە قولىنىڭ ھەر - بىرى،
تۇردى تىك، قولدا تىماسكار شەمشىرى.
ئۈستىدە شاھانە كىيىم، بېشىدا تاج،
ئولتۇرار تەختىدە ئوڭ قول ۋەزىرى.

رەشىك ئوتى ئۆرتەپ رىزانىڭ قەلبىنى،
رۇسلىدى تووۋلاپ غەزەپتە قەددىنى.
كەتتى ياڭراپ شۇ ئاۋازدىن كەڭ قەسىر،
كەلتۈرۈپ ھەرىكەتكە ئوردا ئەھلىنى.

زور تەئەججۈپ بىرلە ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ،
كىردى ئوردا ئەھلى دەرھال ئولىشىپ.
تەر ئىچىدە شاھ ياتاتتى بىھوش بولۇپ،
خۇددى غەم ئەھلى كەبى ھەم سولىشىپ.

قىچقىرىپ كەلدى تېۋىپنى بىمايال،
بولسا رەنجى ۋاقتىدا قىل دەپ ئامال.
كەلدى رىزا ھوشىغا ئېغىر تىنىپ،
باقتى ھەمدە ھەممىگە بولغانچە لال.

بىلدى شۇندا قوپقىنىنى چۈش كۆرۈپ،
چۈشىدە بەكمۇ يامان جىنق ئىش كۆرۈپ.

تىنمىدى ھېچكىمگە لېكىن بىر ئېغىز،
قالدى خالىي، ئۆزگىنى ئۆيدىن سۈرۈپ.

ساقىيا كەلتۈر قەدەھ بىر سۈمۈرەي،
ۋەھىمىنى چۈشىنىڭ كۆڭلىدىن كېتۈرەي،
نە ئۈچۈن تىنمىدى شاھ ھېچ كىشىگە؟
ۋەجىنى مەيدىن كېيىن مەن بىلدۈرەي.

# ئىككىنچى باب

## چۈشنىڭ تەبىرى

ئۆلۈمدىن بىخەۋەر بولما، بولۇر ناگاھ ساڭا پەيدا.
ياقاڭدىن ئالسا قويماس، ئەيلىسەڭ يۈز ئاھۇ - ۋا ۋەيلا.
(ھۇۋەيدا)

لەرزىگە سالدى رىزانىڭ قەلبىنى،
غەلىتى ئىشنىڭ چۈشىدە كەزگىنى.
ئالغىلى بولارمۇ شۇ چۈشتىن سىزىپ،
كەلگۈسى تەقدىرگە تالىق بەلگىنى؟

ئۇيقۇسى قاچتى، تۇتۇلدى ئىشتىيى،
سوۋۇدى جانان چىنىدە سىنچىيى.
تەكتىگە يەتمەككە شۇ چۈشنىڭ تولۇق،
ئۇچتى ھەر يانغا ئۇنىڭ پىكرى - ئويى.

بىر يامانلىقنى جەزم قىلدى ئەخىر،
يوق يامانلىق ئالدىدا ئۇندا تەخىر.
ۋە لېكىن كەلگەي قايانىدىن ئاڭا ئۇ،
كىمگە تىغ ئورغاي ئاياۋسىز، بى سەبىر؟!

ئەسلىدى ئۇستازىنى بى ئىختىيار،
ئۇ بولار بۇ يولدا ياردەمچى، نىسار.

يوق ئۇنڭسىز يەتمەكى مەقسىتىگە،
بار ئۇنىڭدا رەھىمالىق ئىقتىدار.

ۋە لېكىن كەلسۇن ئاڭا قانداقمۇ يۈز،
بولمىدى كارى ئۇنىڭ بىرلە ھەنۇز.
سوۋۇغان دىلدا ئۇزاق قاتقان شۇ مۇز،
ئېرىغايمۇ دىلنى ئىللىتماي تومۇز.

ئويلىنىپ ھەريان رىزا قاتتى بېشى،
خۇددى زەھەردۇر بۇ ھالدا ئىچكەن ئېشى.
يەنىلا بارماي شۇ ئۇستاز ئالدىغا،
تاپمىغاي مەلھەم كۆڭلىنىڭ تەشۋىشى.

سىر تۇتۇپ ھەر كىتىنى ئۇ ئوردىدىن،
كەچتى بىر دەملىككە شاھلىق تونىدىن.
ئالدىراپ ئەسكى چاپانىنى كىيدى ـ دە،
تۇردى بىر دېھقان سۈپەتتە ئورنىدىن.

ئولتۇرۇپ بۇ چاغ قۇياش تاغ كەينىگە،
كەڭ زېمىن كىرگەن زۇلمەت ئەينىگە.
ئۆرلىدى كۆككە بۇلۇت ئاي ئورنىغا،
خۇددى باققاندەك رىزانىڭ مەيلىگە.

ئۆزىنى نىھان تۇتۇپ شۇ ھالدا شاھ،
ماڭدى ئۇستاز ئۆيىنى تارتىپ پاناھ.

ئۆتتى قارا سايىدەك يول - كوچىدىن،
قالدى غەلەتتە ئاتا باققان نىگاھ.

ئۇستىدە ئۆتكەن بەقسەم خالىتى،
ئالدىدا دىۋان ئىچىقلىق ھالىتى.
يوقۇنۇپ ئۇستاز پۈتەر دەپتەرگە خەت،
شاھ كىرىپ كەلگەن ئەنە شۇ سائەتتى.

ئاقىرىپ چاچ، ساقىلى، قورۇق كىرىپ،
ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى بەكلا قېرىپ.
قالمىغىنى ئىجدىھاتتىن شۇندىمۇ،
ئۆتتى شاھنىڭ قەلبىنى دولقۇنلىتىپ.

قېرىلىق يەتمەيدىكەن ئاقىلغا ھېچ،
يەتسىمۇ قىلمايدىكەن تەشۋىش ئۇ ھېچ.
ئۆگىنەركەن ئىختىرا قىلماق ئۈچۈن،
تاپقۇزۇشقا ئۆزگىلەرنى پەرۋەرىش.

شۇ سېزىمگە شاھ رىزا بولغانچە رام،
تىزلىنىپ ئۇستازغا ئۇ قىلدى سالام.
قايرىلىپ ئۇستاز ئۇنىڭغا تىكتى كۆز،
تونۇيالماي، دېدى: «كىمسەن ئەي بالام؟»

تۇتتى پۇرسەتنى غەنىمەت شاھ شۇئان،
بولدى بىر ۋەيرانە بولغان گۈل دېھقان.

ئۇنىڭ ئۆزگەرتتى ماھىر رولچىدەك،
قىلىغىنىدا چۈشىنى بىر - بىر بايان.

ئاڭلىغاچ ئۇستاز ئۇنى دىققەت بىلەن،
يەمىردىلدى قاشلىرى ھەيرەت بىلەن.
دېدى ھەمدە: «كۆرگىنىڭ شاھىنىڭ چۈشى،
ئۇنى كۈتمەكتە ئۆلۈم دەھشەت بىلەن.

ۋە لېكىن سەن شاھ ئەمەس، ئۆزۈڭ گۇۋاھ،
بولمىغاي پۇقراغا خاس شاھلىق گۇناھ.
تىنچ - ئەمىنلىكتە ھوسۇل يىغ، غەم يېمە
بولغۇسى كېيىل ھامان رەببىم ئىلاھ».

ئىشتىپ بۇ گەپنى شاھ كەتتى چۆچۈپ،
خۇددى چۈشكەندەك بېشىغا بىر تاغ كۆچۈپ.
قۇتۇلۇشنىڭ بارمىدۇ ئىلاجىسى،
بۇ بالانىڭ ئالدىدىن چەتنەپ ئۆتۈپ.

ۋە لېكىن بىلمەي كېسەللىكنى تېۋىپ،
دورا بەرمەكلىك بىمارغا چوڭ ئېيىپ.
يوشۇرۇپ سالاھىيىتىنى شاھ رىزا،
قول سۇنار ئۇستازغا قانداق يېتىنىپ؟

شۇ خىياللار ئىلكىدە قاتتى بېشى،
ھودۇقۇشتىن بولدى بەند ئەقلى ھوشى.

ياكى تەن بەرسۇنمۇ ئۇ تەقدىرىگە،
مەيلىمۇ كەتسە ئۆچۈپ تەلەي قۇشى؟

شۇندا چۈشتى كۆزلىرى دەرۋازىغا،
ئۇندىن ھالقىپ چۈشكۈچى پەرۋازىغا.
نە ئۈچۈن ھالقىپ چۈشەر؟
بۇ ھەرىكىتى،
ئوخشىمامدۇ جەبرائىل ئەلپازىغا؟!

تىترىگەنچە سارغىيىپ شۇئان يۈزى،
بوش تاغاردەك پۈكۈلۈپ قالدى تىزى.
قالدۇرۇپ ئۇستازنى ئاندىن ھاڭۇ تاڭ،
يۇمۇلۇپ قالدى بىھوشلۇقتا كۆزى.

ھودۇقۇپ ئۇستاز بۇ ھالدىن شۇ ھامان،
دېدى: «كەلتۈرگەن بۇنى كىملەر بۇيان؟
نە ئۈچۈنگەپ - سۆزىنىڭ ھېچ تايىنى يوق،
نە ئۈچۈن بىھوش بولۇپ قىينايدۇ جان؟»

ئۇنى كەلتۈرمەك ئۈچۈن ئۇ ھوشىغا،
ئالدىراپ قولنى ئۇزارتتى بېشىغا.
— ئاھ، ئەجەب ...! شۈركۈندى ئۇستازنىڭ تېنى، —
نە ئۈچۈن كەلگەن پەقىرنىڭ قېشىغا؟!

چۆچۈدى ئۇستاز تونۇپ شاھنى شۇئان،
بولدى كۆچكەندەك بىھوشلۇق ئاڭا بۇئان.

تاڭ قېتىپ قالدى تەئەججۈپ ئىلكىدە،
قەلبىنى چۇلغاپ چىگىش تەشۋىش، گۇمان.

كىردى - دە، شۇئان ئۇنىڭ ئوغلى غۇلام،
بۇ تەئەججۈپكە ئۇمۇ بوپقالدى رام.
دېدى: «كىم بۇ؟ نە ئۈچۈن رەڭگىڭ يوچۇن
نېمە قىسمەت بەردى يۈز؟ ئېيتقىن تامام!»

سۆزىنى ئاڭلاپ ئوغۇلنىڭ بۇ بوۋاي،
قىلدى ئەھۋالنى بايان تېز، توختىماي.
دېدى: «شاھنىڭ بېشىدا بار زور خەۋپ،
ئۇنى توساقلىق زۆرۈر، تىنچ ئۇخلىماي».

«سۆزلىرىڭ توغرا، — دېدى ئوغۇل كۈلۈپ،
چۈشىنىمۇ بەردىڭ تولۇق، توغرا ئۆرۈپ.
مەنمۇ دەل شۇ تاپ بۇ شاھ دۈشمىنىنىڭ،
سۈيىقەست سورۇنىنى كەلدىم كۆرۈپ».

«نېمە دەيسەن، — دېدى چال ھەيران بولۇپ، —
كىم ئىكەن تۇرغان نىھان سورۇن قۇرۇپ؟
ساڭا قانداقچە نېسىپ بولدى كۆرۈش،
ئوردا بىرلە ھېچ ئالاقەڭ يوق تۇرۇپ؟»

— بولمىغىن ھەيران ئاتا، — دېدى ئوغۇل، —
مەن ئۈچۈن يوق ئوردىغا ھەرگىزمۇ يول.

مەن ئاتا كىردىم پەقەت پەرۋاز قىلىپ،
ھۆنىرىمگە مەشق ئۈچۈن ئاچماققا يول.

قىلدى بۇ چاغدا مېنىڭ ئەقلىمنى لال،
باش ۋەزىرلەر تۆركۆمى تۇرغۇچى زال.
ئۇندا ئەڭ چەت ھەم ئېگىز بىر ئۆي پەقەت،
سۇس يورۇپ تۇرار ئىدى، ئەتراپ زۇۋال.

چۈشتى كۆڭلۈمگە شۇئان بىر قىزىقىش،
تاپتى كۆڭلۈمدە قارار ئاتا چىقىش.
يەرنى چىڭ تەپتىم، ئېتىلدىم كۆككە تېز،
يەتتى پەرۋازىم ئاتا چىقماي تىۋىش.

شەپەرەڭدەك يېپىشىپ دېرىزىگە،
سىنچىلاپ سالدىم نەزەر ئۆي ئىچىگە.
ئولتۇراتتى باش ۋەزىر، سول قول ۋەزىر،
باش ئىكەپ لەشكەر بېشىنىڭ كېيىگە.

دەيتتى لەشكەر بېشى: «ئىندىن بولغۇسى،
شاھ رىزانىڭ تۇغۇلغان مەرىكىسى.
باش ۋەزىر سۇنغاي ئاتا مەي دەپ زەھەر،
شۇ بىلەن پۈتكەي خۇدانىڭ ئەركىسى».

«خوپ،— دېدى ئوڭ قول ۋەزىر مۇشتىنى تۈگۈپ،
بۇ نەۋەككۈلدىن بەخت باقتى كۈلۈپ.

كاسە سۇنسام قوللىرىم تىترەككە يات،
داتلىماسمەن بۇندا گەر كەتسەم ئۆلۈپ».

«خوپ» دېيىشتى ئۈچ كىشى باش قوشۇشۇپ،
مەي ئىچىشتى كاسىلارنى ئۇرۇشۇپ.
مەن ئۇنى مەي دەپ ئىچىپ، ئۇدۇر قەسەم،
ئىچتى جەزمەن قان ھىدىنى پۇرۇشۇپ.

شۇ مېنىڭ كۆرگەنلىرىم ئەي جان ئاتا،
يوق سۆزۈمدە قىلچىمۇ سەۋەن، خاتا.
چىقتى بىر يەردىن سۆزۈڭ بۇ ئىش بىلەن،
نېمە قىلماقنى ئۆزۈڭ ئەيلە جاكا.

ئاقساقال ئاڭلاپ ئۇغۇلنىڭ سۆزىنى،
ئەندىكىپ تىكتى يىراققا كۆزىنى.
ئۇ ياتاتتى بىھوشلۇق ئىلكىدە،
بەخش ئەتكەندەك قازاغا ئۆزىنى.

ئۆتتى چالنىڭ كۆڭلىدىن شاھ كەچمىشى،
بەند بولۇپ ئىشرەتكە، ئەلدىن كەچمىشى.
مەرىپەت، ھېكمەت، ئىلىمدىن قول ئۈزۈپ،
شۇم نادانلار توپىغا يول بەرمىشى.

شۇ سەۋەبلىكتىن بۇگۈن شاھ پۈكۈلۈپ،
كەلدى ئۇستاز كۆلبىسىگە مۆكۈنۈپ.

تەقدىرى باغلىق دېمەك ئۇستازغىلا،
تۇردۇ ئۇستاز بۇنىمۇ خوپ بىلىپ.

ئەسلىدى ئۇستاز ئۇنىڭ ئەجدادىنى،
ئەل ئۇچۇن كۆيگەن گويا پەرۋانىنى.
نەچچە ئەۋلاد ئۆتتى شۇ ئۇدۇم بىلەن،
ئەتىۋارلاپ كەلدى ئەل پەرمانىنى.

شۇ سەۋەبتىن خەلق تاپتى نىجات،
ئىشىدا ئەيلەپ ئادالەتنى قانات.
قالمىدى يۇرتتا ناھەقلىككە ئورۇن،
تاپمىدى ئوغرى، قاراقچى ھېچ ھايات.

ئۇندا ئۇستاز چاقىنىدى يۇلتۇز بولۇپ،
بەردى تەلىم تۇردىغا مەكتەپ قۇرۇپ.
قانچىلاپ قامۇسلىرى بولدى نىزام،
كەلدى شاھمۇ شۇ بىلەن ئىش باشقۇرۇپ.

ئاشۇ ئەجدادلار روھى ئەيلەپ جۇلا
چاچتى ئۇستاز قەلبىگە نۇرلۇق شولا.
ئاشۇ شولا تەپتىدىن ئۇستاز ئېرىپ،
بولدى، بولماقچى رىزاغا جان پىدا.

سۇ سېپىپ ئاندىن رىزانىڭ يۈزىگە،
ئۇنى كەلتۈردى ئېسىگە ـ ئۆزىگە.

ئەندىكىپ تۇردى رىزا
ۋە ئەيمىنىپ،
باقتى چالغا ھەم غۇلامنىڭ كۆزىگە.

دېدى ئۇستاز: «چۆكمە تەشۋىش جامىغا،
جان پىدا بىزلەر ئۇلۇغ يۇرت شاھىغا.
ساڭا قۇرماقتا رەقىبلەر دامىنى،
دەسسىتەرمىز بىز ئۇنى ئۆز دامىغا.»

دېدى، — «رەھمەت، — شاھ ئاڭا تەزىم قىلىپ، —
ئاشۇ تەشۋىشتە بۇيان قالدىم كېلىپ.
ئەتسىڭىز شۇ شۇم بـالالاردىن خالاس،
خۇش قىلاتتىم تاجىـۇ، تـەختىمنى بېرىپ.

«ياق، — دېدى ئۇستاز، — تەخت لازىم ئەمەس،
يۇرت ئىناق، ئامان-ئېسەن بـولسىلا بـەس.
تۇت ئادالەت پېشىنى، تاپ مەرىپەت،
مەرىپەتسىز تاج ئېغىر، تەختىڭمۇ پەس.»

«خوپ، — دېدى شاھ، — بەك ئورۇنلۇق سۆزىڭىز،
كۆرىدۇ ھەردەم يىراقنى كۆزىڭىز.
ئېيتىڭا كەلگەي قايانىدىن ئۇ بالا،
بىز ئاڭا قانداق تاقابىل تۇرىمىز؟»

«مانا بۇ ئوغلۇم غۇلام بولسۇن ياران،
ئۇ قەلەم، ئەلەمگە كامىل پەھلىۋان.»

دېدى ـ دە، ئۇستاز ئۇنىڭ كۆرگىنىنى،
ئەيلىدى شاھقا قاراپ بىر ـ بىر بايان.

بۇ بایاندىن قانائەت تاپقاچقا شاھ،
دېدى غۇلامغا: «ئۆزۈك سەن باش پاناھ.
ئېيت، خالاس بولماقنى ياۋنىڭ قەستىدىن،
ھەر سۆزۈك بولسۇن ماڭا بىر سەجدىگاھ.

دېدى غۇلام قەددىنى مەغرۇر تۇتۇپ:
«مەن ئاتام پەرۋىشىدىن چىققىنىم ئۆسۈپ.
جان ئاتامنىڭ خاھىشى ۋىجدان ماڭا،
ھەر سۆزى پەرمان، ئۇنى بولماس تۇسۇپ.

شۇڭا خىزمەت ئەيلىگەيمەن مەن ساڭا،
سەنمۇ ئىمكاننى ھازىرلاپ بەر ماڭا.
ئالدى بىرلە تاپ ئېسىل تىككۈچىنى،
تىكتۈرەيمەن بىر كىيىم دەرھال ئاڭا.

بۇ كىيىم كارامىتى بولغاي ئايان،
مەركەزدە ھەممە جەم بولغان ھامان.
قىل مېنى تەختىڭگە شۇندا ئىلتىپات،
قالغىنىنى شۇندا مەن ئەيلەي بايان.»

«خوپ» دېدى شاھ، «خوپ» دېدى ئۇستاز خۇشال،
خۇش ئاراملىق بەردى دىلغا ئۇشبۇ ھال.

شۇ خۇشاللىقتا رىزا كەتتى جۆنەپ،
بولغۇسى مەرىكىنى ئەيلەپ خىيال.

ساقىيا قۇيغىن شاراپ، قۇيغىن شاراپ،
مەيگە تەشنا دىلنى كۆپ قىلما خاراپ.
تەڭ ئىچەيلى بولغۇسى مەرىكىگە،
خۇددى شاھ كۆتكەن كەبى شادلىق ئاتاپ.

## ئۈچىنچى باب

# لەشكەر بېشىنىڭ ئىقرارى

رەقىبا، بىسەرۇ پالارنى سەن ئاغرىتمىغىن زىنھار،
ھەبىب ئىشىكىگە باغاندا نى سەن ھاجەت، نى مەن ھاجەت.
(نەۋائى)

چاقىندى شاھ ئوردىسى نۇر ئىلكىدە،
ھەممە تەبرىكلەر رىزانى خۇش كۆلكىدە.
شەنىگە ياغدى قەسىدە، كۈي، قوشاق،
قالمىدى ماختاش سۆزى سۆز مۈلكىدە.

دىسە بىرى: «ئەڭ ئۇلۇغلار ئۇلۇغى،»
دەيتتى بىرى: «ئۇ قۇياشلار يورۇقى.»
دىسە بىرى: «چېھرىدە بار مىڭ قۇياش،»
دەيتتى بىرى: «ئۇ ئەقىللەر بۇلىقى.»

دەيتتى بىرى: «يوق ھامان ئۇنداق كىشى،
ئۇ خۇدانىڭ يېقىنى ھەم سىردىشى.
خۇددى بەش قولدەك ئايان ھەردەم ئاڭا،
بۇ ئالەمنىڭ بۈگۈنى ھەم ئەتىسى.»

دەيتتى بىرى: «يوق ئۇنىڭسىز ئەلگە كۈن،
يۇمسا گەر بىرلەھزە كۆز قاپلايدۇ تۈن.

كەلتۈرەر دۈشمىنىگە قەھر بالا،
ئۇ يارالغان ياۋىنى چەيلەش ئۈچۈن.»

ئولتۇرۇپ شاھ تەختىدە مەغرۇر بېقىپ،
چىقتى مەدداھلارغا تەكشى كۆز تىكىپ.
ئاڭلىغان ئۇ بۇنچە سۆزلەرنى تولا،
ھەم رىزا قىلغاق ئۇلارنى پۇل بېرىپ.

ھە بۈگۈن بولسا مەدھ ماختاش ئاڭا،
ئىشىتىلدى تەنە قىلغاندەك گويا.
دەيتتى ئۇ: «پەرقى نېمە شاتۇتىدىن،
بەرسە قەنت شاتۇتىمۇ قىلغاي ناۋا.»

ۋە لېكىن شاتۇتىدا يوق غەيرىي ئوي،
قەنت بىلەن ئۆتكەن كۈنى بەجايىكى توي.
بار بۇ مەدداھلار تىلىنىڭ ئاستىدا تىل،
ۋاقتى كەلسە بۆرە بوپ يالمايدۇ قوي.

باش ۋەزىر، سول قول ۋەزىر، لەشكەر بېشى
ئاشۇ شۇملۇقنىڭ رەزىل مەككار بېشى.
قەستى ئالماقچى تەخت پۇرسەت كۈتۈپ،
يوشۇرۇپ كەلگەن ئۇنى جىلمىيىشى.

دەيتتى شاھ: «ئەپسۇس بۇنى بىلمەپتىمەن،
باشتا ئۇستاز سۆزىگە كىرمەپتىمەن.

يۈگۈمەچتەك ياماشسا تەنگە ئۇلار،
ھەيۋەتمىگە ھەيۋە قوشتى دەپتىمەن.

پۇت ـ قولۇمنى باغلىغان ئىشكەل ئىكەن،
يوللىرىمدا تىك داۋان، پىشكەل ئىكەن.
ئەۋرىشىملىكتە يىلاندىن ئالغان ئۇدۇم،
بارچە قىلغان تەزىمى بىر ھەل ئىكەن.

كۆلكىسىدە بار ئىكەن بارس خىرىسى،
خۇلقىدا قوۋ تۈلكىنىڭ شۇم جىلۋىسى.
ئاھ نىماندىق يامان ئەغيارلەر،
جىسمى ئوغا، لەۋدە ئىللىق كۆلكىسى.

مانا ھەر ياندا ئۇلار كۆي ئوقۇشار،
كۆي بىلەن شاھقا رەزىل تور توقۇشار.
دەيدۇ: «مىڭ يىللار ياشا ئەل بەختىگە»،
كۆڭلىدە قارغاپ، قومايدەك چوقۇشار.

تۇرىدۇ ھەر ياندا ئوردا لەشكىرى،
تىغى قايرىلماس پىچاقتۇر ھەر بىرى.
ۋە لېكىن تۇتقان سىپىمنى كىم ئۇنىڭ؟!»
ئاغدى لەشكەر بېشىغا شاھ نەزىرى.

ئولتۇرار لەشكەر بېشى خۇش كۆلكىدە،
بىر ئىسىل شېردىن خىيالىنىڭ ئىلكىدە.

ئۇلتۇرار ئىككى ۋەزىرمۇ خۇش كۆلۈپ،
بىر غۇرۇرلۇق نۇرى چاقنار چېھرىدە.

غەلىبىگە تولۇق دېمەك ئىشەنچىسى،
ئالدىدا چىۋىنچە يوق كۆشەندىسى.
ئىختىيارسىز قالدى شاھ ئەنسىزلىشىپ،
ئۆلگۈرۈپ كەلگەيمۇ جان پەيۋەندىسى!

شۇندا كەلدى زەر تاۋاقلاردا تائام،
باش ۋەزىر تۇردى قىلىپ شاھقا سالام.
دېدى: «قۇتلۇق مەرىكىڭىز شاھى ئەزەم!»
كۆتۈرۈپ باشتىن ئېگىز تەڭلىدى جام.

«ئۆمرىڭىز بولسۇن ئۇزۇن» دەپ ھەممە تەڭ،
جاملىرىنى قولغا ئالدى تەڭمۇ تەڭ.
ھەممىگە كۆز تىكتى شاھ ئەنسىزلىشىپ،
دېدى كۆڭلىدە مانا باشلاندى جەڭ.

شۇندا بىردىن ياڭرىدى كۆچلۈك سادا،
بىر ساداكى تاغ ئۆرۈلگەندەك گويا.
ھەممە قالدى جامنى تۇتقانچە قېتىپ،
خۇددى تاش ھەيكەل توپى تىمسال ئاڭا.

گۈپ قىلىپ ئۆرۈلدى زالنىڭ پەنجىرى،
ھەر تەرەپكە مۆكتى ئوردا لەشكىرى.

كىردى ئەجدىھاسىمان مەخلۇق ئۇچۇپ،
چىشلىرىنىڭ ئارىسىدا نەشتىرى.

ئۇ سېلىپ ھەر كىمگە ھەيۋە ئىزتىراپ،
كىردى يولۋاس تۇسىگە بىر يۇمىلاپ.
شۇ سىياقتا تاقىلدى ـ دە، ئىككى رەت،
بولدى پەرىشتە سۈپەتلىك بىر جاناب.

ھودۇقۇشتىن گەپكە كەلمەستىن تىلى،
ئۆچتى ھەر كىمنىڭ شۇئانلا ئۆڭسۈلى.
بوش تاغاردەك پوكولۇشتى بەزىلەر،
بەزىگە بولدى پاناھ ئۆز ئۈستىلى.

دېدى ئۇ غەيرىي كىشى تۇۋلاپ شۇئان:
«كەلمىگەي مەندىن سىلەرگە ھېچ زىيان.
مەن خۇدانىڭ ئەلچىسى ھەم ئۆلپىتى،
شۇ كەرەم بۇيرۇپ مېنى كەلدىم بۇيان.

تىك تۇرۇڭلار قەد ئۇشۇق ئېگىلمىسۇن،
ئىگىمىز سىزگە كۈلۈپ، ئۆكۈنمىسۇن.
كۆرسىتەي ئاللا ئىگەم كارامىتىن،
بۇ كارامەتنى جاھان ئۇنتۇلمىسۇن.»

دېدى، ماڭدى شاھ تەرەپكە يول ئېلىپ،
قىلدى تەكلىپ شاھ تەختىگە، قول بېرىپ.

ئولتۇرۇپ شاھ تەختىدە سىرلىق جاناب،
باقتى مەغرۇر ھەممىگە تەڭ كۆز سېلىپ.

دېدى: «ئاللا ئىككى دۇنيا ئىگىسى،
ياغدۇرار شەپقەت مېھىر ھىمايىسى.
قىل تەۋرىمەيدۇ ئۇنىڭ بۇيرۇقىسىز،
تەڭشىگەي ئالەمنى زور ئىرادىسى.

كىم يامانلىقنى نىيەت قىلغان ھامان،
بولىدۇ ئاللاغا ئۇ شۇئان ئايان.
تاپىدۇ قىلمىشىغا لايىق جازا،
قۇتۇلالمايدۇ قېچىپمۇ ھەر قايان.

كۆز تىكىپ ئاللا بۇگۈن بۇ مەرىكىگە،
تولدى ئۇشتۇمتۇت ھېسابسىز قەھرىگە.
قىلدى پەرمان ماڭا: ‹تېز يەرگە چۈشۈپ،
بەر جازا› دەپ شۇ مۇناپىق بەندىگە.

كەلتۈرۈشكە ئاشۇ پەرمانىنى بەجا،
باش ۋەزىرگە مەن قىلارمەن ئىلتىجا:
ئۆز قولۇڭدا شاھقا تۇتقان مەينى ئال،
ئىچ ئۇنى تويماي تېمىم جام ئاستىدا.»

كەتتى بۇ گەپتىن ۋەزىر قاتتىق چۆچۈپ،
خۇددى ئۆتكەندەك بېشىدىن ئوق ئۇچۇپ.

راستلا ئاللا ئەلچىسىمۇ ئۇ جاناب!
بولمىسا قانداق ئالار سىرنى ئۇقۇپ؟

ساتتىمۇ ئۇنى بۈگۈن لەشكەر بېشى؟
ياكى بۇ سول قول ۋەزىرنىڭ قىلمىشى؟!
لاپ ئېيتىپ باقتى ئۇلارغا، كۆردىكى —
قايغۇدىن چۈشكەن ئۇلارنىڭ ھەم بېشى.

تولغىنىپ مۇدھىش ئەجەل گىردابىدا،
تۇردى ئاستا مۆكۈنەلمەي دالدىغا.
ئالدى قولغا جامنى تېز، ئىچتى تامام،
تەن بېرىپ تەقدىرگە پەرمان ئالدىدا.

ئىچتى - دە، ئۇ، جاۋغىيىدىن ئاقتى مەي،
كۆز ئالايدى، لەۋ كۆكەردى، قىلدى قەي.
چىقتى يالقۇن ئارىلاش قان قەي بىلەن،
يىقىلىپ جان بەردى ئاندىن ئۇندىمەي.

قۇچتى ھەيرانلىق تامام زال ئەھلىنى،
باستى چەكسىز قورقۇنچ ھەم قەلبىنى.
قويدى باش غەيرىي كىشىگە ھەممە تەڭ،
يەرگىچە ئېگىپ زەبەردەست قەددىنى.

دېدى غەيرىي كىشى: «قويماڭ باش ماڭا،
خۇددىي ئاتقاندەك بولار بۇ تاش ماڭا.

باش ۋەزىرنىڭ ئۆلۈمى بولسۇن ساۋاق،
قېنى لەشكەر بېشى ئەيلەڭ پاش ،اڭا.»

چىقتى لەشكەر بېشى تىترەپ ئالدىغا،
«سۆزلىگەيمەن ھەقنى مۆكمەي دالدىغا.
چۈنكى تۈزدۈم بۇ پىلاننى مەن ئۆزۈم،
قول بېرىپ تۈلكە سىياق ئالۋاستىغا.

مەقسىتىم ئالماق قولۇمغا ئوردىنى،
ھەم ئۆزۈمنىڭ ئەيلىمەك شاھ ئورنىنى.
ئانت ئىچىپ ئىككى ۋەزىرمۇ بەردى قول،
ئەيلىبان بۇرچى، شەرەپ، شانى بۇنى.

ۋە لېكىن كۆرمەي راۋا پەرۋەردىگار،
قىلدى قىلمىش ئالدىدا رەسۋايۇ خار.
تەس ئىكەن بۇ مىلك دوزاخ ئازابىدىن،
ئەيلىگىن تېزرەك مېنى لەھەتكە يار.»

باقتى شاھقا لاپ ئېتىپ غەيردي كىشى،
«پۇتنىمۇ، — دەپ، — ئەمدى بۇ مەلئۇن ئىشى؟»
سۆزلىگەي تۈلگە سىياق ھەققىدە ئۇ،
دېدى شاھ: «قانداق ئىكەن ئىشنىڭ بېشى؟»

ساقىيا، توشقۇز قەدەھ مەن بىر يۇتاي،
كەيپىدە ئىلھام قىزى باغرىن قۇچاي.
يايرىغاي كۆڭلۈم ئۇنىڭ ناز - خۇلقىدىن،
دور قېزىپ سۆز تەكتىدىن كۆڭلۈك ئۇتاي.

# تۆتىنچى باب

## تۈلكە سىياق ھەققىدە سۆز

يوشۇرۇن قىلغان گۇناھلارنى كىشى بىلمەس دېسەم،
چۈن گۇۋاھلىق بەرگۈچى قول بىرلە پۇت ئىزا ئېتەر.
(نەۋائى)

يەرگىچە ئېگىپ گۇناھلىق بېشىنى،
سۆزلىدى لەشكەر بېشى قىلمىشىنى.
شاھ بىلەن قىلغان شىكار بىر ئاي بۇرۇن،
شاد كېزىپ يۇرتنىڭ دالا، تاغ - تېشىنى.

يوق ئىدى ئۇ چاغ دىلىدا قىلچە كىر،
شاھقا سادىق قەلبىدە قايناق زىكىر.
دەيتتى شاھنى ئەل قاياشى، سىردىشى،
ئەل بىلەن ھەردەم نەپەسداش، ھەمپىكىر.

ئاغا ھەمدەم بولمىقىدىن خۇش ئىدى،
ئۇ بىلەن ئامەت، مۇرادى قوش ئىدى.
كىم ئالايتۇرسا كۆزىنى شاھقا گەر،
بەرمىكى ھەردەم ئەجەللىك مۇش ئىدى.

شاھ رىزا كۆڭلى تېپىپ ئۇنىدىن ئەمىن،
بارچە ئىشلارغا ئۇنى ئەيلەر تەيىن.

دەر: «قولۇمغا قول ئۆزۈك، پۇتۇمغا پۇت،
بەختىمىز سەنسىز كۈلۈپ باقماس مەيىن.»

چىن ساداقەتكە ئىشەنچ ھەمدەم بولۇپ،
ئالىمغان ئوردا ئىناقلىققا تولۇپ.
شۇڭا ئۇقسانسىز دېيىلىپ شاھ رىزا،
يايرىغان ئىشرەت ئىچىدە زور دېيىپ.

بۇ سەپەرمۇ شاھ بىلەن ئەيلەپ شىكار،
چىن ساداقەتنى ئۆزىگە قىلدى يار.
كەتمىدى بىردەم نېرى شاھ يېنىدىن،
كۈلسە كۈلدى كۆڭلىنى ئەيلەپ باھار.

بولدى ئەمەك بۇندا بىر ساي تۈلكىسى،
قارىغا ئالدى ئۇنى تەڭ ئىككىسى.
تەڭلا يادىن ئوق ئۈزۈشتى، دېيىشىپ:
«تەگسە كىمنىڭ ئوۋ شۇنىڭ نېسىۋىسى».

ۋە لېكىن كەتتى بىكار ھەر ئىككى ئوق،
تۈلكىمۇ قاچتى تېپىپ ئوقتىن تۇيۇق.
كەينىدىن ھەر ئىككىسى ئات سالدى تەڭ،
قەلبىدە ئۇرغۇپ ئىشەنچ، ئۈمىد تولۇق.

چاپتى ئات، قوغلاپ لېكىن يېتەلمىدى،
تۈلكىمۇ كۆزدىن نېرى كېتەلمىدى.

ئاشۇ ھالدا قوغلىشىپ باردى قايان،
ئۇنىمۇ ئەسلا پەرق ئېتەلمىدى.

كۆردىكى لەشكەر بېشى بىر چاغ بېرىپ،
قاپتۇدەك ھەيۋەت يوغان غارغا كىرىپ.
تۇلكىمۇ بوپتۇ غايىب كۆزدىن شۇئان،
شاھمۇ يوقمىش، قالدىكىن نەدە ھېرىپ؟

ھەر تەرەپكە كۆز تىكىپ لەشكەر بېشى،
نېمىگىدۇر ئۇلغىيىپتۇ تەشۋىشى.
دەپتۇ: شاھنى دەررۇلا تېپىپ ئالاي،
قىلىدۇ باردەك پالاكەت تەشۋىشى.

ئۇ تەرەپدۇت قىلدى ـ دە، كەتمەك بولۇپ،
قالدى كۆزى بىر ئىدىشقا يولۇقۇپ.
ئۇ تۇراتتى غار ئىچىدە بەك نىھان،
قاتمۇ قات ئۆمۈچۈك تورىغا ئورىلىپ.

ئاشتى ھەيرانلىقى لەشكەر بېشىنىڭ،
شۇم ئىزى بۇ قايسى مەككار ئىشىنىڭ؟
نە ئۇچۇن كەلدى ئېلىپ بۇيان؟ نېچۈن ـ
ئېسىدىن كەتتى چىقىپ ئىگىسىنىڭ؟

يە ھالاكەتكە يولۇقتى مەككار ئۆزى،
قىيىمىدى ئۆزگىگە ئېيتماققا كۆزى.

يە ئۇنۇتتى بۇ چىغىر يولنى تامام،
بەلگىسىز قالغان ياكى غار ئېغىزى.

شۇ خىياللار ئىلكىدە باش قاتۇرۇپ،
بولدى كۆرمەكچى ئىددىشنى ئاختۇرۇپ.
بولسا تولغان ئىچىگە ئالتۇن - كۈمۈش،
بىر يولى كەتمەمدۇ ئۇ زور باي بولۇپ!

شۇ خىياللار ئىلكىدە يايراپ دىلى،
ئۆزىتەلدى ئىختىيارسىز جۆپ قولى.
ۋە لېكىن ئۇ بېكىتىلگەچ گەج بىلەن،
ئاچمىقى ئاسان ئەمەستى بىر يولى.

تۆرمىدى لەشكەر بېشى كۆپ ئويلىنىپ،
ئالدى قولغا ئۇنى دەسسىلا كۆتۈرۈپ.
ھالقىتىپ باشتىن ئېگىز چىقاردى - دە،
ئۇردى يەرگە كۈچ بىلەن دوم كۆمتۈرۈپ.

بولدى گويا سوقۇلغاندەك تاغقا تاغ،
لەرزىدىن زىلزىلىگە كەلدى ھەممە ياق.
پارچە - پارچە بولدى - دە، ئىددىش شۇئان،
ئىس - تۈتەككە تولدى غار باشتىن - ئاياغ.

ئىس - تۈتەككى، رەڭگى سەت تۈندىن بەتەر،
دەم سىقار بەد ھىد بۇيى جانغا خەتەر.

پەرقىرار خۇددى قۇيۇندەك تولغىنىپ،
ھۈۋلىشى گويا ھۇقۇشنى ئەسلىتەر.

ھودۇقۇشتىن تەۋتىرەپ لەشكەر بېشى،
ھەسسىلەپ ئاشتى دىلىدا تەشۋىشى.
دېدى ئۇ، ئوڭۇممۇ بۇ، ياكى چۈشۈم،
زادى بۇ قانداق كارامەتنىڭ ئىشى؟

كۆتۈرۈلدى كۆلكە ئىس ـ تۈتەك ئارا،
بەردى ئاندىن كۆرۈنۈش بىر جۈپ قارا.
بىر قاراكى ـــ بويى ئاسمانغا تىرەك،
پۈتى تۈۋرۈك، قوللىرى گويا ئارا.

جىن چىراغلاردەك پىلىلداپ جۈپ كۆزى،
نۇردا بولدى ئايان خۇنۈك يۈزى.
بىرى ئەر، بىرى ئايال، بۇرنى پۇچۇق،
چىشى دەمدەك، ئېغىزى غارنىڭ ئۆزى.

كۆلدى قاقـاقلاپ ئۇلار قۇزغۇن سىياق،
سەكرىدى ئويناپ ئۇسسۇلسوزۇپ ئاياغ.
سىلكىنىپ غار، لەرزىگە كەلدى زېمىن،
ئىس ـ تۈتەككە تولدى قايتا ھەممە ياق.

ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ لەشكەر بېشى،
تىز پۈكۈپ، كۆز ياشلىماق بولدى ئىشى.

دېدى: «ئاجىز بىر گۇناھكار بەندىمەن،
قالمىغاي بۇ غاردا مىسكىنىنىڭ بېشى.»

دېدى ئەركەك: «بىز سېنى كەلدۈق ئېلىپ،
روھىمىزنى ئوۋ ئۈچۈن تۆلكە قىلىپ.
ئەسلىمىز ئالۋاستى، تۆلكە شەكلىمىز،
ئىچمىز ئادەم قېنىنى مەي قىلىپ.

شۇ ئۈچۈن بىزدىن ھەزەر ئەيلەر ئادەم،
ئۇرقۇشۇپ سۆرە — دۇرۇت چەكلەر قەدەم.
بار لېكىن بىزدىمۇ كۆپ ھىيلە - مىكىر،
شۇ ھىيلە رامىغا سەن چۈشتۈڭ بۇ دەم.

ۋە لېكىن بەردىڭ قىلىپ بىر ياخشى ئىش،»
قولىدىڭدا بولدى پارە بۇ ئىدىش.
بۇندا ياتتۇق بوغۇلۇپ بىز بەك ئۇزاق،
بەلكى كەتكەندۇ ئۆتۈپ ئەللىكچە قىش.

دېدى ئالۋاستى ئايال: «شۇنچە ئۇزاق،
قىيىنىماستى بولسىمۇ ۋەيلۇن دوزاخ.
شۇڭا بىزنى بەند قىلغان نائەھلىنى،
قەھرىمىز تۇتقاي بولۇپ مۇدھىش تۇزاق.»

دېدى ئەركەك: «ئەيلىگەچ بىزنى ئازاد،
سەن ئەمەس بىزلەر ئۈچۈن ھەرگىزمۇ يات.

شۇڭا ئەيلەرگە سىنى مەڭگۈگە شاد،
قىلىمىز تاجۇ تەخت، قۇت ئىلتىپات

بەرمىگەي تەھقىق ئاسان رىزا بۇنى،
ئالىسەن تارتىپ ئۆزۈك ئەپلەپ ئۇنى.
بۇ ئۈچۈن ئەللىككە تولغان كۈندە،
خۇش كۈلۈپ، مەي ئورنىغا سۇن ئوغىنى.

ئۇ ئىچىپ ئۆتمەي ھايال جان بېرىدۇ،
سەن تۇرۇپ بۇ ئىشقا كىم چات كېرىدۇ؟!
سالىسەن لەشكەر، ۋەزىرنى ئارىغا،
قان تۆكۈلمەستىن ئىشىڭ گۈل كېلىدۇ.

بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈدى لەشكەر بېشى،
تاتىرىپ كەتتى يۈزى، چۈشتى بېشى.
دېدى: «قانداقچە رىزاغا ئۆچ سىلەر،
يوق ئۇنىڭ سىلەرگە دۈشمەن ھېچ ئىشى.»

دېدى ئالۋاستى ئايال: «سەن ياش، نادان،
بۇ ئۇزاق ئالەم ساڭا بەك ئاز ئايان.
بىزنى بەند قىلغان ئاشۇ شاھ ئاتىسى،
ھىيلىگەرلىكتە نامان ئاندىن يامان.

ئەسلىسەك ئۆرلەر غەزەپ ۋولقان بولۇپ،
بىزنى تۇتماق بولدى شاھ قورشاۋ قۇرۇپ.

قان ئىچىش ئادىتىمىز بولدى گۇناھ،
شۇ ئۈچۈن قىلماقچى يوق، بىزنى ئۇرۇپ.

بىز قېچىپ بىر چال، موماي كۆلبىسىگە، —
كىرىۋالدۇق ھەم ئۇلارنىڭ تۇسىگە.
بىزنى ئالماققا تونۇپ، شاھ ئويلىنىپ،
كەلدى نامانىنى ئېلىپ ئىش ئۈستىگە

كەلدى ـ دە، ئۇ ئويلىنىپمۇ تۇرمىدى،
يا ئوقۇپ سورە ـ دۇرۇتمۇ ھورمىدى.
بىر ئىدىشنى كۆرسىتىپ: (قايسىڭ دورۇس، —
چال ـ موماي بولساڭ بۇندىغا كىر) دېدى.

شارت قىلىپ كىردۇق، ئىدىش قاپلاندى تېز،
ئالدىنىپتۇق، نە ئامال ياشلاندى كۆز.
تىرىك ئۆلمەكلىك دېمەكتۇر بۇ ئۆزى،
بەرمىگەي بۇنداق جازا ھېچيەردە يۈز.

بۇنى قوللاندى رىزا شاھ ئاتىسى،
بىزگە دۈشمەنلىكتە ئۇ ئەڭ كاتتىسى.
ئۆلسىمۇ ئۇ، بىزدە ئۆلمەس ئىنتىقام،
بۇ ئۈچۈن بەرگەي ھېساب تەخت ۋارىسى.

شۇ ئۈچۈن قىلدۇق ساڭا چوڭ ئىلتىپات،
ئىلتىپاتتىن سەن ئۆزۈڭگە شان يارات.

گەر بۇ يولدىن قىلچە بوينۇڭ تولغىساڭ،
ئەيلىگەيمىز تەننى جانىڭدىن ئازاد.»

قورۇنۇپ لەشكەر بېشى ئالۋاستىدىن،
بولدى كۆرگەندەك يوچۇق غار ئاستىدىن.
ئىتتىرىلسە شۇ يوچۇققا، خوشلىشار،
بەختىيار شېردىن ھايات رەناسىدىن.

ئويلىنىپ، ئويلانمىغىنى قالمىدى،
شۇ رەنادىن ئۆزگىگە كۆز سالمىدى.
ئاخىرى ئالۋاستىغا ۋەدە بېرىپ،
بۇ مۇناپىقلىق يولىغا چامدىدى...

ئاڭلىدى - دە، شاھ بۇنى باشتىن - ئاياغ،
دېدى: «جاللات! ئۇر بۇنى سەكسەن تاياق!
چاپ قوشۇپ ئاندىن ئۇنى ۋەزىر بىلەن،
جىسمى بولسۇن قاغا - قۇزغۇنغا تاماق!»

ساقىيا! كەلتۈر بۇدا جۇپ كاسە مەي،
غەلبىلىك بۇ جەڭ ئۈچۈن بىر كۆتۈرەي.
يەڭدى سۈيىقەستنى ئەقىل، مەردانىلىك،
مەرد غۇلام، نامان ئۈچۈنمۇ سۈمۈرەي.

# بەشىنچى باب

## شاھ ھۇزۇرىدا

جاھاندا ئادەمنىڭ ئېتىبارى سۆزدە دۇر يوقسە،
سۆزىگە ئادەمنىڭ تۇرمىغاي نى ئېتىبار ئاندا.

(نەۋائى)

شاھ ھۇزۇرى چاقىندى نۇر ئىلكىدە،
چاقىندى شاھ چېھرى ئىللىق كۆلكىدە.
چاقىندى گويا كۆلۈپ ئالتۇن قۇياش،
غەم تۇمانىدىن خالىي دىل مۇلكىدە.

شاھ بولۇپ ئۇ بۇنچە شاد بولغان ئەمەس،
قەلبىگە بۇنچە ھۇزۇر تولغان ئەمەس.
قۇرسىمۇ نۇرغۇن سورۇن شادلىق تىلەپ،
بۇ سۆپەت قىزغىن سورۇن قۇرغان ئەمەس.

بۇ ھەقىقىي غەلبە تەنتەنىسى،
تەنتەنە ئەسلى غالىپ ئەنئەنىسى.
تەنتەنە قىلماي تۇرالماس ھېچ كىشى،
چۇۋۇلۇپ چىققاندا ياۋ شەرمەندىسى

شۇ سۆپەت تۆزدى سورۇن شاھ شادلىنىپ،
ئالدىدا گۇم بولدى ياۋ ھەم دادلىنىپ،

ئۇ تۇغۇلدى قايتىدىن بۇ غەلىبىدىن،
چاڭ - غۇبارلاردىن سەبىدەك پاكلىنىپ.

نۇرلىنىپ كۆز ئالدى تاڭدەك يالتىراپ،
چىقتى ئەسلەپ ئۆتمۇشىنى ئالدىراپ.
بەخش ئېتىپ ئىشرەتكە غەمسىز ئۆمرىنى،
قىپتۇ غاپىللىق چېغىدا بەك ناباب.

سالىمسا ۋەھىمىگە مۇدھىش چۈشى،
ئۇيغا سالمايتتى ئۇنى ئۆز ئۆتمۈشى.
ئىزدىمەستى ھەم ئاقىل ئۇستازىنى،
ھەم سېزىلمەستى رەقىبلەر قىلمىشى.

ئۇندا بىلمەستىن جاھالەت خەۋپىنى،
بىر كاسە مەيگە بېرەتتى تەختىنى.
ئاھ، نېمانچە ھېيلىگەر دۈشمەن دېگەن،
تەرلىنىپ قوينۇڭدا سانجار زەھرىنى.

كونا دوستلۇقتىن تۇغۇلدى پەرۋانىلىك،
يەڭدى سۈيىقەستنى ئەقىل، مەردانىلىك.
بولدى ئۇسناز زېھنى دۈشمەنگە تۇسۇق،
مەرد غۇلام كەلتۈردى خۇش ئازادىلىك.

بىلدى شاھ ئارتۇق ئۇلارنى جېنىدىن،
بەردى جاي - ئورۇن ئۇلارغا يېنىدىن.

تۈزدى بۇ سورۇننىمۇ شۇلار ئۈچۈن،
ئىلتىپات قىلماققا شاھ قىن - قىنىدىن.

كەلتۈرۈلدى خىلمۇ خىل مەزە - تائام،
تولدى ئىسىل مەي - شارابقا كاسە - جام.
ئوقۇدى مەدداھلار بەس - بەستە شېئىر،
ئۈچ ئۇلۇغ زاتقا قىلىپ زور ئېھتىرام.

ياڭرىدى ئاندىن خۇشال نەغمە - ناۋا،
قىزىدى ھەريادا شوخ ئۇسسۇل - ساما.
قوزغىدى كۈلكە - مازاق قىزىقچىلار،
يېڭىلاندى كۈلكىدىن زالدا ھاۋا.

قۇتلۇقلىدى ھەممىنى ئىنئام بىلەن،
ماختىدى شاھ شادلىنىپ ئىلھام بىلەن.
خوشلىشىپ ئاندىن جەمى مېھمان بىلەن،
قالدى شاھ يالغۇز نامان، غۇلام بىلەن.

شاھ دېدى: «بولماس ئىكەن غەمسىز كىشى،
بولسا غەمسىز، غەم سېلىشكەن ئەلگە ئىشى.
غەم يېمەي غەمخور بولۇش يوق گەپ ئىكەن،
يېنىدا تەييار ئىكەن كۈشەندىسى.

شۇ سەۋەب سەزمەي رەقىبلەر خەۋپىنى،
بىر تېتىپ كۆردۈم بىخۇدلۇق دەردىنى.

بىر يامانلىقتىن چىقاركەن ياخشىلىق،
شۇ بىلەن تاپتىم دانىش، سەركەردىنى.

رەھنىمالىق قىلدى ئۇستاز ۋاقتىدا،
جان پىدالىق تاپتى پەرۋاز ۋاقتىدا.
بولدى ئاشكار ساقتا پەرداز ۋاقتىدا،
ئۆز بېشىنى يېدى رەڭۋاز ۋاقتىدا.

كەلتۈرۈپ ئىشنى راسا گۈل - گۈلىگە،
خوپ ياراشتىڭلار مانا ئۆي تۆرىگە.
ئەسلىلا دانىشقا خاس ئۆينىڭ تۆرى،
تۆرنى يار قىلماس لېكىن ئۆز ئۆمرىگە.

شۇندىمۇ تەكلىپ قىلاي مەن ئوردىغا،
باش ۋەزىر، لەشكەر بېشىنىڭ ئورنىغا.
ئەل رەۋناق تاپسۇن كۈلۈپ سىزلەر بىلەن،
چۆمۈلۈپ تىنچلىق، ئەمىنلىك نۇرىغا.»

دېدى نامان: «سىزگە رەھمەت ئى شاھىم،
ئاتىمىز سىز، كۆڭلىمىزدە سىز دائىم.
قىلمىقىم پەرمان بەجا ۋىجدان ماڭا،
ئاشۇ ۋىجدانغا مۇخالىپ يوق ئادىتىم.

ۋە لېكىن قالدىم قېرىپ، مۈكچەيدى بەل،
ئولتۇرالمايمەن ئۇزاق، قىستار يۆتەل.

قانچە قىلساممۇ ئامال بولماس ئىكەن،
بۇ تەبىئەت ھۆكمىگە قىلماي ئەمەل.

ئالىمقىم مۇشكۇل شۇڭا ئۇستۇمگە ئىش،
كەچۇرۇك دەيمەن شۇڭا يېنىش - يېنىش.
تاپشۇراي كەلسە لايىق ئوغلۇمنى مەن،
بار ئۇنىڭدا ئوردىغا خاس ئىنتىلىش.

بىر مەھەل بولساق يېقىن مەسلەكدىشى؛
چىققۇسى ئۇندىن ئېسىل لەشكەر بېشى.
قوغدىغاي تاجۇ تەختنى جان تىكىپ،
ئاڭا ئىسپاتتۇر بۇداقى زور ئىشى.»

«خوپ، — دېدى شاھ ئويلىنىپ باش ئېگىدى،
ۋە لېكىن ئۇستازغا مۇنداق جېكىدى:
«پۇككىنىم كۆڭلۇمگىمۇ دەل شۇ ئىدى،
سۆزىڭىز بىر لەن ئۇ ئەمدى بېكىدى.

ۋە لېكىن تەجرىبىگە مول ئۆزىڭىز،
كۆردىڭىز ھەردەم يىراقنى كۆزىڭىز.
بەخش ئېتەر ئىدراك، ئەقىل بىزگە ھامان،
بىھېساب ھىكمەتكە تولغان سۆزىڭىز.

شۇڭا ئوردا سىزگە دائىم ئېھتىياج،
كىيسىڭىز كىيمىسىڭىزمۇ مەيلى تاج.

شەرت شۈكى، ھەمدەم بولۇك بىزگە ھامان،
تاپقۇزۇشقا بىللە بۇ ئەلنى راۋاج.»

دېدى ئۇستاز: «شاھ سۆزى دىلغا نەقىش،
ئەتكۈسى تەنگە ھارارەت، كۈچ بەخش.
بولسا زەررە تىنىقىم ئەلگە ئاتاي،
ئەل ـ ۋەتەنسىز يايرىماس ھېچبىر شەخس.»

«بارىكاللا، — دېدى شاھ خۇش كۈلكىدە، —
سۆزىڭىز چاچقاي شولا دىل مۈلكىدە.
ياشىغايمىز ئەمدى بىللە بىر ئۆمۈر،
كۈلدۈرۈپ ئەلنى ئىناقلىق ئىلكىدە.»

ئالدى سۆز شۇندا غۇلام بى ئىختىيار:
«ئەيلىگەيمەن مەنمۇ ئەلگە جان نىسار.
ئۇچتى ئەقلىم دۇلدۇلى شۇ كوي بىلەن،
بولدى لېكىن باشقىچە ئوي ماڭا يار.

گەر ئىجازەت بولسا بىر ـ بىر سۆزلىسەم،
گەر خاتا بولسا كەچۈرسە، تۈزىسەم.»
«خوپ» دېدى شاھ، باشلىدى سۆزنى غۇلام،
سۆزلىرىگە بولدى شاھنىڭ زېھنى جەم.

دېدى: «ئالدۇق زور خەتەرنىڭ ئالدىنى،
قەتلە ئەيلەپ ۋاقتىدا ئۈچ لالمىنى.

ۋە لېكىن تۆلكە سىياق تېخى ھايات،
يانمىغاي شۇم پەيلىدىن ئۇ ھامىنى.

ئىزدىسەك ئەلگە ئەمىنلىك ۋەزىيەت،
بولمىقى لازىم ئاۋۋال تىنچ جەمئىيەت.
بۇ ئۈچۈن پۈتكەي تامام يەر يۈزىدىن،
ئەنە شۇ تۆلكە سىياق جۈپ بەدنىيەت.

مەن ئالاي بۇ ئىشنى زىممەمگە تامام،
يېتىدۇ سۆزسىزلا بۇ ئىشقا چامام.
شۇڭا پاششاپلىق ماڭا بولسۇن كەسىپ،
تىلىكىم، بەرگەي دۇئا شاھ ۋە ئاتام.»

شاھ رىزا ئاڭلاپ غۇلامنىڭ سۆزىنى،
شاد - خۇرام سەزدى بۆلەكچە ئۆزىنى.
دېدى: «كەلمەپتۇ ئويۇمغا بۇ تەرەپ،
قىرقىماق لازىم خەتەر يىلتىزىنى.

قوشتى ئەقلىمگە ئەقىل خوپ سۆزىڭىز،
كۆردى ھەق بەكمۇ يىراقنى كۆزىڭىز.
بىز ئۈچۈن مۈشكۈل، لېكىن زۆرۈر بۇ ئىش،
ئەيلىگەيسىز بۇنى ئاسان ئۆزىڭىز.

مەن شۇڭا ئاتا قىلاي سىزگە دۇئا،
جىسمىڭىزدا ئەيلىسۇن مەردلىك جۇلا.

يوقىتىلك پاشىشاپ بولۇپ شۇم تۈلكىنى،
ئەل يۆلەك، بولسۇن پاناھ بۇزرۇك ئىلاھ!»

كەل ساقى، بەرگىن شاراب شادلىق تىلەپ،
مەيگە تەشنا دىلغا ئاۋاتلىق تىلەپ.
مەن ئىچەي پاشىشاپقا شانلىق غەلىبە —
ئەلگە خۇشلۇق، ياۋغا ناشاتلىق تىلەپ.

## ئالتىنچى باب

### خەپ! ...

ھەيھاتكىم بىرەۋ غېمىدىن زارمەن يانا،
پەرھاتتەك يۈز بالاغا گىرىپتارمەن يانا.
(نەۋائى)

ياتىدۇ تاغلارغا تاغلار مىنگىشىپ،
ئاي، قۇياش بىرلەن كۈنۈ تۈن سىردىشىپ.
باغرىدا ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈزۈشەر،
ھاك ـ قىيالارنى سۈيۈپ پىچىرلىشىپ.

ئاقىدۇ پەسكە سۈزۈك سۇ دولقۇنى،
لېنتىدەك باغلاپ زېمىنغا چوققىنى.
بۇك ـ باراقسان غول، قىيا تاشلار ئارا،
مەھلىيا ئەيلەر كۆڭۈلنى شاۋقۇنى.

ئاقىدۇ ئۆركەشلىنىپ بۇزغۇن چېچىپ،
ئاقىدۇ دۇمبەل قىيالاردىن ئېشىپ.
ئۇ تەبىئەتنىڭ يۈگەنسىز ئەركىسى،
گاھى شىردەك ھۆركىرەر قايناپ تېشىپ.

كۆچىگە كۆچ قوشىدۇ سانسىز بۇلاق،
كۆچىدىن قۇمغا چۆكەر تاشلار غۇلاپ.

يىڭنە ئۆتمەس بۆك توقايلارنى بۆسەر،
دولقۇنىغا بىھېساب دولقۇن ئۇلاپ.

ئەلمىساقتىن تا ھازىرغا كەلگۈچە،
كەچمىگەن سۇ بۇندا ھېچكىم بەلگىچە.
بۇ توسۇن ئاتتەك ئېقىنىنىڭ دەھشىتى،
ھەممىگە بولغان ئايان — چەت ئەلگىچە.

بۇ ئېقىنىنىڭ بويىنى بويلاپ بۆگۈن،
ئۆۋچىلاردەك غەيرىتى ئىز قوغلاپ بۆگۈن.
كېلىدۇ بىر توپ يىگىتلەر جەم بولۇپ،
ھەر تەرەپكە كۆز تىكىپ بويلاپ بۆگۈن.

كېلىدۇ ئەڭ ئالدىدا پاشاپ غۇلام.
قەھر يالقۇنلۇق كۆزى گوياكى شام.
چېھرىدە چاقنار شىجائەت نۇرلىرى،
يىمىرىلگەن لەۋلىرى مەھكەم تامام.

كېلىدۇ ھەر يانغا تەكشى كۆز سېلىپ،
بۇ ياقا خىلۋەتكە تۈنجى ئىز سېلىپ.
ئۆتىدۇ دۈچ كەلسە چاتقال تىغ ئۇرۇپ،
خادا تاشلاردىن ئاشار پەرۋاز قىلىپ.

كېلىدۇ، قەھرى تېشىپ ئالۋاستىغا،
قانچە پەرزەنتنى «تۇتۇپ ئېپقاچتى» غا.

دەستىدىن تاغلىق يېزا ئالماس ئارام،
يوق ئارام كۆمەي ئۇنى يەر ئاستىغا.

كېلىدۇ ئىزدەپ ئۇنى ئالماي ئارام،
ئۇنى تاپماي كۆزىگە ئۇيقۇ ھارام.
بولدى ئۈچ كۈندىن ئۇشۇق يۈرگىنىگە،
چۈشتى ئاخىر ئىزىغا يەمەي تائام.

ئۇۋۇسى بۇ تاغدىكى غاردا ئىمىش،
تۈندە ئوۋلاپ، كۈندۈزى ئۇخلار تىنچ.
بولغىنىچۈن ئالدى غارنىڭ زور ئېقىن،
ئاڭا يەتمەسمىش كىشى ئايىغى ھېچ.

بۇ ئۈچۈرنى ئالدى ئۇ يولدا بىلىپ،
قونغىنىدا تۈندە بىر ئۆيگە كېلىپ.
بەك مەيۈستى ئۇ چاغ ئۆي ئىگىسى،
تۇرغىنىدەك غەم تىغى دەھشەت سېلىپ.

تاڭ بىلەن تەڭ كۆردىكى پاششاپ بېگى،
شادلىقىدىن چاي بولۇپتۇ چېچىكى.
باش ئېگىپ دېدى: «ياراشتى ئايىغىڭ،
ئەر - ئايالنىڭ كۈلدى ئارزۇ - تىلىكى.»

چۈشىنەلمەي دېدى پاششاپ: «نېمە ئىش
بۇۋاقىت قىلدى سېنى مۇشۇنچە خۇش؟»

دېدى دېھقان: «بىۋاقىت دەمسەن بۇنى،
بۇنى كۆپ كۈتتۈم بولۇپ گويا بىھوش.

نېمە دەي ئەمدى ساڭا؟ دەي ھەممىنى،
قىلدى جۇپ ئالۋاستى، جاي بۇ مەلىنى.
يەڭگىسە قايسى ئايال، كېلىپ ئۇلار،
ئېپ كېتەر قان يىغلىتىپ پەرزەنتىنى.

كەلگىنىڭدە سەن كېچە قونماق بولۇپ،
خوتۇنۇم ياتقان ئىدى تولغاق تۇتۇپ.
مەن قەبىھ ئالۋاستىدىن خەۋپسىرەپ،
ئاھ ئۇراتتىم بىھېساب تەشۋىش يۇتۇپ.

سەن كېلىپ ياتتىڭ، بىخەۋەر ئۇخلىدىڭ،
نېمە ئىشلار بولدى تۈندە ئۇقمۇدۇڭ.
ۋە لېكىن كۆركەم ئوزارىڭ ئالدىدا،
بىزگە نۇسرەت ياغدى، ئىشلار كەلدى ئوڭ.

ئاچتى خۇش دۇنياغا كۆز پەرزەنت ئامان،
بىر ئوغۇلكى، بەستى پالۋانلارسىمان.
يىغىدىن يات، باقتى بىزگە كۆز تىكىپ،
ھېلىلا سۈرمەكچىدەك خۇددى زۇۋان.

باغرىغا باستى ئۇنى شاد ئانىسى،
ئۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر پارىسى.

مەنمۇ باغرىمغا ئۇنى باستىم ئېلىپ،
ئۇ مېنىڭ ئۆمرۈم بېغى نىشانىسى.

كەلدى جۇپ ئالۋاستىمۇ شۇئان يېتىپ،
ئۇنى كەتمەككە ئېلىپ جان قاقشىتىپ.
قەستى مەي قىپ نارەسىدە قېنىنى،
پەيزى قىلماق گۆشىدىن كاۋاپ ئېتىپ.

جان تىكىپ چىقساقمۇ بىز قىلماققا جەڭ،
چامىمىز كەلمەيتتى ھەرگىز ئاڭا تەڭ.
چۈنكى ئۇ كېلەر بويىدا كۆك تىرەپ،
ئالدىمىزدا بىز قورچاقمىز، ئۇ لەھەڭ.

ھۇۋ دېسە قارنى بولار بىزگە ماكان،
پۇف، دېسە كۆككە ئۇچارمىز بوپ سامان.
يوقتى تەقدىرگە بويسۇن ئەگمەي ئامال،
قىلدى بۇ تەقدىر يۈرەكنى لەختە قان.

ۋە لېكىن بۇ رەت يېقىن كېلەلمىدى،
ئايلىنىپ يىراقتىمۇ كېتەلمىدى.
چۈنكى قورقتى سۆرۈكدىن باشپانام،
شۇ سەۋەب مەقسىتىگە يېتەلمىدى.

كېلىدۇ لېكىن يانا بۇ كەچ يېتىپ،
پەيلىدىن كەتمەس نىجىس ھەرگىز كېچىپ.

شۇڭا نەشۇنشتىن كۆڭۈل غەش بولىدۇ،
قۇچىدۇ بىزنى ماتەم قالساڭ كېتىپ.»

زەن قويۇپ ئاڭلاپ دېھقانىنىڭ سۆزىنى،
قاپلىدى ھەسرەت غۇلامنىڭ يۈزىنى.
«شۇمىدۇ تۈلكە سىياق ئالۋاستى» دەپ،
چىقتى سىرتقا ئاختۇرۇشقا ئىزىنى.

دەر ھەقىقەت ئىزلىرى جۈپ تۈلكىنىڭ،
قاپلىغان ئەتراپىنى بۇ كۆلبىنىڭ.
يىغدى ـ دە، نۆكەر، قاراۋۇلنى دېـدى:
«بارمۇ بۇ ئەھۋالنى تۈنـدە كۆرگىنىڭ؟»

قالدى ھەممە ھاڭۇ ـ تاڭ ئىز ئالدىدا،
ئىز تۇراتتى ھەممىنىڭ كۆز ئالـدىـدا.
كەلسىنۇ، دۈشمەننى قوغلاپ،
سەزمىسۇن،
يۈرسە پىتىراپ دۈشمەنى ئۆز ئالدىدا؟!

بۇ بىخۇدلۇق قىلدى بارچە دىلنى غەش،
قىلغۇلۇق كىملەرگە دوق، كىملەرگە پەش؟!
دېدى دېھقانلار: «كۆرۈنمەس كـۆزگە ئۇ،
شۇڭا سەزمەكلىك ئۇنى ھەممىگە تەس.

كىرىدۇ بىردەمدە ھەر خىل تۈسكە ئۇ،
قارىساڭ گاھى قوتاز، گاگاھ ئۆچكە ئۇ.

بولىدۇ بەزەن غايىپ ئالدىڭدىلا،
خۇددى ئۇخشاپ چالا كۆرگەن چۈشكە ئۇ.

بولدى پەيدا بولغىنىغا ئىككى ئاي،
كېلىدۇ ھەر ئاخشىمى كۈن ئاتلىماي.
ئېپ كېتەر يېڭى تۇغۇلغان بالىنى،
دەستىدىن قاقشايدۇ ھەردەم باي، گاداي.

سېغىنار ھەردەم دانىش نامانىنى ئەل،
ئۇ ئەقىلدە بەك مۇكەممەل، بەكمۇ تەل.
قىپتۇمىش ئالۋاستىنى ئىدىشقا بەند،
بۇندىن ئەللىك يىل بۇرۇن بىر كۆز مەھەل.

بارمىدۇ خىزىر سۈپەتلىك شۇ دانا،
بولسا گەر بىر كەلسىدى بىزگە يانا.
يوق قىلىشقا قان ئىچەر ئالۋاستىنى،
بولسىدى بىزلەرگە غەمخور باش پاناھ.»

زوقلىنىپ پاششاپ غۇلام ئەل سۆزىدىن،
تامچىدى ياش قارا قاتتەك كۆزىدىن.
ئاتىسىدەك پەم - پاراسەت ئىلكىدە،
ئەيلىگەيمۇ ئەلنى رازى ئۆزىدىن.

دېدى پاششاپ: «بار بۈيۈك دانىش نامان،
سىزگە مەلۇم نامىدەك مەغرۇر، ئامان.

ھېلىمۇ ئىستەپ ئەمىنلىك ئەل ئۈچۈن،
بويرۇدى ئەل ئىشىغا مېنى بۇيان.

مەن ئۇنىڭ ئۆز ئوغلى — پەرزەنتىمەن،
ئىشىغا جان رىشتىدىن پەيۋەندىمەن.
جان تىكىپ يوقاتمىسام ئالۋاستىنى،
بولىمەن ئەل ئالدىدا شەرمەندىمەن.»

زور ھاياجان قۇچتى ئەلنىڭ قەلبىنى،
قىلدى بەس - بەستە ئايان ئۆز دەردىنى.
جان پىدا قىلماق بولۇشتى ئەنت ئىچىپ،
ئۇندىن ئالماققا قىساسى - ئەنتىنى.

شۇ كۈنى پاشاپ ئۇزاق ئويغا پېتىپ،
كەلدى - دە، ئىككى تاغار تېرىق تېپىپ.
بىلدۈرۈپ دېھقانغا پۈككەن ئويىنى،
ھەم تاغارنىڭ ئاستىنى قويدى تېشىپ.

ياتتى پاشاپ شۇ كېچە ھوشيار بولۇپ،
ئۇۋىنى كۈتكەن سەگەك شۇڭقار بولۇپ.
كەلدى جۈپ ئالۋاستى تۈن نىسبى بىلەن،
ياگىرىتىپ ھەر يانىنى جۈپ ئات چاپتۇرۇپ.

بولدى سەگەك تېخىمۇ پاشاپ غۇلام،
باقتى دېھقانغا بېرىپ غەيرەت، چىدام.

دېدى: «بولما دېلىغول، ئۆزۈڭنى تۇت،
مەن ئۆگەتكەن سۆزنى دادىل قىل داۋام.»

«خوپ» دېدى مىسكىن دېھقان غەيرەتلىنىپ،
ئاڭغىچە ئالۋاستىمۇ كەلدى يېتىپ.
ئايلىنىپ ئەتراپىنى ئۆيىنىڭ ئۇزاق،
بولدى كەتمەكچى، ئۆزىگە خەۋپ سېزىپ.

يېپىشىپ دېرىزىگە شۇئان دېھقان،
دېدى: «بولماڭلار خاپا مەندىن ھامان.
يات ماڭا دۈشمەنلىشىش سىزلەر بىلەن،
سالمىسۇن دەيمەن پەقەت پاشاپ زىيان.

كەتكۈچە پاشاپ بۇ ئۆيدىن ئايرىلىپ،
قارىماڭلار بۇ تەرەپكە قايرىلىپ.
شۇڭغىچە بولسۇن تېرىق يېمىگىڭلار،
ئېپ كېتىڭلار ھويلىدىن سوۋغام بىلىپ.»

«خوپ» دېيىشىپ ئىككى ئالۋاستى شۇئان،
بولدى تېرىقنى ئېلىپ يولغا راۋان.
شاد كۈلۈپ پاشاپ، دېھقان، ھەممە ئايال،
دېدى: «ئىشقا ئاشىدۇ ئەمدى پىلان.»

نۇر قىلىپ چاچتى قۇياش ئۆز مېھرىنى،
قاپلىدى كۆلكە ئېدىر، تاغ چېھرىنى.

كۆلدى پاشاپ يول بويى كـۆزگەچ ئېنىق،
ئۆز پىلانىنىڭ ئۇنۇملۇك سېھرىنى.

بۇ سېھرنىڭ ھېكمەتى سىزگە ئايـان،
بىھاجەت ئەيلەش ئۇنى قايتا بايان.
تۆكۈلۈپ تۆشۈك تاغارنىڭ تېرىقى،
ساپتۇ ئىز ئالۋاستىلار ماڭسا قايان.

ئەمدى جۈپ تۈلكە سىياقنىڭ ئۆۋىسى،
ئۇسما كەتكەن قاش كەبى پاش بـولغۇسى.
تاپ بېسىپ ئەيلەر ئۇنى پاشاپ غۇلام،
ئەل تامام ۋەھىمىدىن قـۇتۇلغۇسى.

شادلىقىدىن ھەممە كۆككە بۆك ئېتىپ،
تۈزدى سەپ پاشاپقا ھەيۋەت كۈچ قېتىپ.
كەلدى ھەمدە سۇ كېچىپ، داۋان ئېشىپ،
باشتا بىز تەسۋىرلىگەن تاغقا يېتىپ.

قىلمىدى كار بۆك توقايـلار دەھشىتى،
قىلمىدى كـار زور ئېقىنـلار ۋەھشىتى.
كۈچكە كۈچ، غەيرەتكە غەيرەت ئۇلىدى،
كەلگۈسى ئەركىن ھاياتنىڭ مەئىشتى.

كەلدى غارنىڭ ئالدىغا ئاخىر يېتىپ،
رىشتىنى قايناق كۈرەش، جەڭگە چېتىپ.

كۆردىكى، كەتكەن كىرىپ غار ئىچىگە،
جۇپ تاغارنىڭ تېرىقى سىرغىپ، ئېقىپ.

قالىدى ئورۇن تالاش-تارتىش ئۈچۈن،
دېدى پاششاپ: «سالىمىقىم لازىم تۈتۈن.
كەلتۈرۈڭلار كۆيگىدەكلا نەرسىنى،
قاپلىسۇن چاتقال، چوۋار غارنى پۈتۈن.»

بېجىرىلدى تاپشۇرۇق بەس-بەس بىلەن،
تولدى غارنىڭ ئالدى چاتقال، خەس بىلەن.
ياقتى ئوت پاششاپ بېگى، چىقتى تۈتۈن،
ئېلىشار ئۇ ئەمدى جۇپ شۇم نەس بىلەن.

كەلسە پەيتى تېپىلاركەن ئېپىمۇ،
بولسا پالتا، سېپىلاركەن سېپىمۇ.
كىم دېۋە بولغان دېۋە تۇتماق ئۈچۈن،
شەرت ئىكەن بۇندا ئادەمنىڭ دېتىمۇ.

شۇ كەبى بەردى ئۇنۇم پاششاپ دېتى،
بۇندا ئىسقا تولدى غارنىڭ قات-قېتى.
چىقتى بىر تۈلكە قېچىپ ئىستىن بىراق،
بولدى يالقۇندا كاۋاپ چىققان پېتى.

تىكلىنىپ قەددى مىسالى تاغ بولۇپ،
ياپىرىدى ھەممە دىلى بىر باغ بولۇپ.

كۆتتى شۇ ھالدا يەنە بىر تۈلكىنىڭ،
كۆيۈشىنى ئوت ئىچىدە ياغ بولۇپ.

كەلدى كۆتكەن پەيت مانا ئاخىر يېتىپ،
غار ئىچىدىن چىقتى ئۇ شۇم ئېتىلىپ.
ئوت ئىچىدە تولغىنىپ بار كۈچ بىلەن،
سەكرىدى چاتقال تامان ئۆتتىن ئېشىپ.

بۇ تاسادىپتىن چۆچۈپ ھەممىسى تەڭ،
راستمۇ، يالغانمۇ دېگەندەك سالدى زەڭ.
ساق ئىدى ئۇ، بولمىغان ھەتتا بىھوش،
قىلدى پاششاپقا ئېلان غەزەپتە جەڭ.

دېدى: «تۆلتۈردۈڭ ئېرىمنى سەن قارام،
ئەمدى بەرمەيمەن ساڭا قىلچە ئارام.
يۈرۈكۈڭنى يېمىسەم قولغا ئېلىپ،
ماڭا بولسۇن بىر ئۆمۈر ئۈيقۇ ھارام.»

باستى جىمجىتلىق ئارىنى بۇ گەپ بىلەن،
ئەمدى گۇم قىلغاي ئۇنى نە ئەپ بىلەن؟
ئالدى پاششاپ ياسىنى ئاتماققا ئوق،
قاچتى تۈلكە تاغ ئارا «خەپ - خەپ!» بىلەن.

«خەپ!» دېدى پاششاپمۇ چىشلەپ چىشىنى،
قىلغۇسى ئۆزمەي داۋام بۇ ئىشىنى.

بولغۇسى ئۇيقۇ ھارام ئۇنىڭغىمۇ،
يانجىماي شۇم تۈلكىنىڭ شۇم بېشىنى.

ساقىيا، كەلتۈر شاراب لىق تولدۇرۇپ،
مەن ئىچەي مەززە قىلىپ بىر ئولتۇرۇپ.
بىللە پاشاپقا تىلەيلى نۇسرەت، ئۇتۇق
ئالمىغىچۇن ئەلنى غەمدىن قۇتقۇزۇپ.

◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇

# یەتتىنچى باب

## تۈلكە سىياقنىڭ سېھرى

سۆزلەسە گەر ئول ئېغىز ئالەم گۈلىستان بولغۇسى،
گەر تەبەسسۇم ئەيلەسە جۇن غۇنچە، خەندان بولغۇسى.
(ۋاپايى)

قاچقىنچە شۇ كۈنى تۈلكە سىياق،
يۈزلىنىپ شەھەر تامان چاپتى ئۇزاق.
يولىدا يولۇقتى بىر پادىچى قىز،
كىيگىنى جۇل - جۇل كىيىم، سەكسەن ياماق.

قىز دېمەكلىك بىرلە قىزچە ھۆسنى يوق،
مەيدىسى تۈپتۈز، تۇخۇمچە كۆكسى يوق.
يۈزى چوقۇر، كۆزى ئالغاي، گاس، كېكەچ،
شۇنچە ئورۇق، نان يېگەندەك تۇسى يوق.

كۆردى - دە، تۈلكە سىياق توختىدى تېز،
«بولغۇسى، — دېدى، — ماڭا نىقاب بۇ قىز.
بۇ بىلەن قىلسام ئايان سېھرىمنى مەن
قالمىغاي ئارقامدا ھەتتا بىرمۇ ئىز.»

ئايلىنىپ ئادەمگە دەرھال شۇم نىيەت،
قىلدى قىزغا خۇش كۆلۈپ ئىما - شەرەت.

قىلدى قىز بىر - بىر بايان ئەھۋالىنى،
قىلمىدى سوئالىنى ھەرگىزمۇ رەت.

قىز دېدى ئىما بىلەن: «يېگانىمەن،
ئانا مېھرى، چېھرىگە دىۋانىمەن.
بولسىمۇ گەرچە ئاتام، باسماس پۇتى،
مەن ئۇنىڭ پۇت، قولىمەن، غەمخانىمەن.

يىل ئۆرۈلسە بولىمەن ئون يەتتە ياش،
يېمىدىم بۇ ياشقىچە تويۇپمۇ ئاش.
پادا باقماقتىن نېسىپ بولغىنى شۇ،
بۇندىن ئايرىلساق ئۆلەرمىز ئاچ، يالىڭاچ.

تىلىكىم شۇدۇر، ئازابتا ئۆلمىسەم،
مەيلىدى راھەتتە بىرمۇ كۈلمىسەم.
جان ئاتامغا ھەر قاچان قول، پۇت بولۇپ،
ئىشلىسەم، چارچاشنى ھەرگىز بىلمىسەم.»

دېدى ئالۋاستى: «ئويۇڭغا يەتكۈزەي،
غەمۇ - سەۋدانى بېشىڭدىن كەتكۈزەي.
ئۇ ئۇچۇن كېرەك ماڭا شەكىلىڭ تولۇق،
شۇ بىلەن كەسپىڭنى داۋام ئەتكۈزەي.»

سىلكىنىپ ئۇ كىردى قىزنىڭ تۇسىگە،
قىز ئىشەنمەي بولدى ھەيران كۆزىگە.

«سەتلىشەر ئالەم ماڭا خەق ئوخشىسا،
ئوخشىسۇن ھەركىم پەقەت ئۆز - ئۆزىگە.

ئەمدى ئەسلىمگە يېنىش يوقتۇر ماڭا،
بۇ ئالەم بولماس نېسىپ ھەمدە ساڭا.»
دېدى - دە، ئالۋاستى قىزنى بىر بوغۇپ،
قىلدى مۆھلەك① مەيىنى سوۋغا ئاڭا.

«پادىچى قىز» بولدى ئۇ شۇندىن بېرى،
كەتمىدى مەھەللىدىن ھەرگىز نېرى.
ئاستىلاپ بەردى گۈزەللىك ئۆزىگە،
كۆرۈنەرلىك رەڭ تۈزەپ ھەر كۈن سېرى.

تولدى تولغاندەك ھىلال ئاي گەۋدىسى،
جۈپ ئاناردەك تارتتى كۆزنى مەيدىسى.
لەۋلىرىدە غۇنچە ھۆسنى نۇرلىنىپ،
كۆزلىرىگە كۆچتى چولپان جىلۋىسى.

ماڭسا ماڭغاندەك بولار سەرۋى نىھال،
كۈلسە كۈلگەندەك بولار بەختى ۋىسال.
سۆزلىسە قالار ئېچىلىپ ھەر ئېغىز،
خۇش ئاۋازىدىن بولار بۇلبۇلمۇ لال.

---

① مۆھلەك - ھالاك قىلغۇچ.

تاك قىلىپ ھەممە ئۇنىڭغا، ئاھ چېكەر،
دەر: «شېرىن ۋەسلىڭگە قايسى مەرد يېتەر؟»
تىلىشەر: «باقاي قاچان ئۇ گۈلنىگار،
بۇ ئېغىر سەۋدا قاچان باشتىن كېتەر؟»

«پادىچى» نامى ئۆچۈپ شۇندىن بۇيان،
«ھۆر - پەرى» نامى بىلەن بولدى ئايان.
قوتۇلۇپ پالەچ كېسەلدىن «ئاتىسى»،
قىلدى ئىشنىڭ تەكتىنى مۇنداق بايان:

«گۈل قىزىمغا دوست بولۇپتۇ ھۆر - پەرى،
ھۆر - پەرىكى، ھۆسنىگە جان مۇشتەرى.
دەپتۇ، پاكسەن خۇددى تاڭنىڭ نۇرىدەك،
پاكلىقىڭ پاكلىقتا پاكلىق جەۋھەرى.

پاكلىقىڭ ھۆسنىڭدىمۇ قىلسۇن جۇلا،
قىلغۇدەك ئالەمنى مەپتۇن - مۇپتىلا.
بۇ ئۈچۈن سېھرىمنى پۈتكۈل بەخش ئېتەي،
قالمىسۇن كۆڭلۈڭدە ئارمان ئاز - تولا.

ئەنە شۇكۈندىن بۇيان شۇ ھۆر - پەرى،
گۈل قىزىمنىڭ بوپتۇ قولداش پەرۋەرى.
شۇڭا ئۇ تاپتى گۈزەللىكتە كامال،
قەلبىگە يار بولدى ئىدراك جەۋھەرى.

يوق ئۇنىڭدا ئەمدى كەلمىكتىن نىشان،
يوق پەرق، تۇرسا پەرىگە يانىمۇ يان.
ھەم مېنى ساقايتتى ئۇ ھېكىم بولۇپ،
بەر كاماللىقتا يېگانە ئۇ ھامان.»

كۆچتى بۇ سۆز بۇندا ئەل ئېغىزىغا،
ئۆچتى يەلدەك تارقىلىپ ھەر يېزىغا.
يوشۇرۇن كۆيدى تالاي مەردانىلەر،
بۇ پالەچ پادىچىنىڭ ھۆر قىزىغا.

يەتتى بۇ سۆز ئوردا ئەھلى، خانىغىمۇ،
ئەل ئىچىدە ئەڭ ھۆكۈمدار جانىغىمۇ.
ئۇيقۇسى قاچتى ئۇنىڭ خىيالىدىن،
بۇ خىيال ئايلاندى زور گۈلخانىغىمۇ.

ئېيتتى ئاخىر ھالىنى ئۇستازىغا،
نە دېمەكلىكنى تىلەپ شاھنازىغا.
دېدى ئۇستاز: «ئىشىنىپ كەتمەك قىيىن،
ھېچ ئاساسسىز غەيرىنىڭ ئاۋازىغا.

ئۇقۇشايلى شۇڭا ئىشنىڭ تەكتىنى،
تاپتى نەدىن ئۇ تاسادىپ بەختىنى.
يە ئىلاھىم قىلدىمۇ بەنا ئۇنى،
بېزدەككە شاھ كېرەمنىڭ تەختىنى.

شاھقا شاھچە ئىلتىپات بولماق كېرەك،
ئوردىغا شاھقا يۆلەك تولماق كېرەك.

شاھمۇ ئەل رايىغا خاس تـۇتماقتا ئىش،
نەپسىگە پەرھىزنى دوست قىلماق كېرەك.

مەسلىھەت - پـەرھىزدىكى دەسلەپكى چەك،
غەيرىنى قىلماق خىيال بۇندىن بۆلەك.
جان پىدا ئەيلەپ بۇ ئىشقا قول سالاي،
سۆزلىنەر ئانـدىن نېمە قىلماق كېرەك.»

«خوپ، — دېدى شاھ، — بۇنى سەن يېگانە تۇت،
سەزمىسۇن ھەرگىز خەلق، پىنھانە تـۇت.
ئۇيقۇ يوق تاپماي قانـائەت مەن ئۇچۇن،
قىلمىسۇن جىسمىمنى كۆل شەيدانە ئوت.»

«خوپ» دېدى ئۇستاز، بۇ ئىشقا تۇتتى يول،
بانىسى بولدى شىكار قىلماق نـوقۇل.
ماگدى تۆت - بەشچە يىگىتنى يار قىلىپ،
شۇ پەرى ماكانىنى كۆزلەپ ئۇدۇل.

سۇ ئىچىشنى قىلدى باھانە ئۇيىدا،
شۇ پەرى مەھۋەشنى كۆرمەك كـويىدا.
ۋە لېكىن يەتمەي تۇرۇپلا ئۆيگە ئۇ،
سەزدى غەيرىي بىر سېزىمنى بويىدا.

چۈنكى ئۆيىنىڭ ئۇستى رەڭدار نۇر چېچىپ،
نۇردىـن ھەرلەھزە، ھەر خىل گۈل ئېچىپ.

خۇددى بىر ھەسەن - ھۈسەندەك يالتىرار،
بەخش ئېتىپ دىلغا ھۇزۇر، كۆزنى چېقىپ.

بولسا گەر ئۇستاز ناماندىن ئۆزگىسى،
دەر ئۇنى مەھزەش پەرىنىڭ شولىسى.
دېدى ئۇستاز: «بۇ پەرىگە خاس ئەمەس،
بار ئۇنىڭدا بىر ئېزىتقۇ جىلۋىسى.

كىمكى كىرسە ئاشۇ جىلۋە ئىلكىگە،
ئايلىنار جەزمەن ئېزىتقۇ مۈلكىگە.
ئويىنتار ئۇ ئەقلىنى بۇلغاپ ئۇنىڭ،
قالدۇرۇپ چەكسىز نومۇسقا، كۈلكىگە.»

ياندى ئۇستاز ئوردىغا شۇ سۆز بىلەن،
رەنجىدى شاھ،— كۆرمىدىڭ،— دەپ،— كۆز بىلەن.
يولغا سالدى يەنە بىر دانىشنى ئۇ،
ئۇمۇ قايتتى يەنە شۇ بىر سۆز بىلەن.

بەرمىدى شاھ ئىككى چوڭ دانىشقا تەن،
دېدى: «كۆرمەي قويغۇلۇق قانداقمۇ چەن.
شۇڭا ئىستەيمەن بىرىشنى مەن ئۆزۈم،
بولىدۇ ھەممە ئايان كۆرمەك بىلەن.»

بولمىدى شاھنى توسۇشقا ھېچ ئامال،
بولمىغاي قىلماققىمۇ زەررە قامال.

تۇرسا سۆزى ھەر قاچان پەرمان، ھۆكۈم،
نە ئامال «خوش-خوش» دېمەستىن بىمالال.

قالدۇرۇپ ئۇستازنى شاھ پەرمان بىلەن،
قىز تەرەپكە ماڭدى خۇش ئارمان بىلەن.
ماڭدى لەشكەرلەر ئۈنى قورشاپ تولۇق،
قوغدىماقتا تەن بىلەن ھەم جان بىلەن.

خۇددى رۇستەمدەك بەھەيۋەت ھەر بىرى،
يالتىرار نەيزە، قىلىچ ھەم خەنجىرى.
باقىدۇ ھەر يانغا ھوشيار قۇش كەبى،
قۇچىدۇ يەر-كۆكنى بىردەك نەزەرى.

گەر لازىم بولسا شۇ تاپ قىلماققا جەڭ،
كېلىدۇ جەزمەن تۈمەن لەشكەرگە تەڭ.
كۆپلىگەن جەڭلەر بۇنى ئىسپاتلىدى،
شۇڭا دۈشمەنگە ئۇلار قىلماس ئېرەن.

شۇ كەبى كەلدى ئېرەنسىز يول بويى،
تەۋرىمەي ئەندىشىدىن قىلچە مويى.
سالىمۇ ھەر يانغا گاھ سەگەك نەزەر،
«نېمە قىلسۇن بۇندا دۈشمەن» دەر ئويى.

ۋە لېكىن دۈشمەن دېگەن دۈشمەن ئاخىر،
پايدىسىز ئەھۋالدا ھېچ بولماس زاھىر.

يوشۇرۇن ئۇرماق قىلىچ ئادىتىدۇر،
كۆرۈنۈشتە دوست بولۇشقا ھەم ماھىر.

شۇڭا پىنھانىغا ئۆزىنى ئالغىنى،
بارچە دۈشمەن ئىچىدە ئەڭ يامىنى.
دەل ئاشۇنىڭ بىرى شۇ تۈلكە سىياق،
دەيدۇ: «غەلىبە ماڭا مەنسۇپ ھامىنى.»

ئۇ بىلىپ كەلمىشىنى شاھنىڭ يېتىپ،
چۈشتى ئىشقا سېھرىنى سەرپ ئېتىپ.
بولدى ھەيۋەت بىر ساراي تار كۆلبىسى،
كەتتى گۈللەر ھەر تەرەپتە ئېچىلىپ.

دېدى ئاندىن «ئاتىسى» نى چاقىرىپ:
«كېلىدۇ شاھ بىز تەرەپكە ئاتلىنىپ.
ئالدىغا چىقساڭ ئۇنىڭ تەزىم بىلەن،
كىرگۈسى بۇ ئۆيگە دەرھال شادلىنىپ.

كەتمىگىن لېكىن ئۇشۇقچە ھېيىقىپ،
تۇت ئۆزۈڭنى تۆرلەردەك تىك قىلىپ.
‹ھۆر - پەرى› نىڭ ‹ئاتىسى› سەن،
بۇ سۈپەت —
تاجدار شۇ شاھقىمۇ قونماس كېلىپ.»

«خوپ» دېدى - دە، «ھۆر - پەرى» نىڭ «ئاتىسى»
چىقتى يولغا،
كەلدى يۇرتىنىڭ كاتتىسى.

بولدى ئىشلار ئېيتقىنىدەك «قىزى» نىڭ،
چۆمدى شادلىق قاينىمىغا بارچىسى.

شۇندىمۇ ئىزدەپ رىزا شاھ باھانە،
دېدى ئۆينىڭ ئىگىسىگە شاھانە:
«بىز بۇگۈن ماڭغان ئىدۇق شىكار ئۈچۈن،
تارتتى دىلنى سىزدىكى خۇش زابانە.

بەكمۇ ئىللىق كۆرۈنىدۇ چېھرىڭىز،
چېھرىڭىزدە جىلۋە ئەيلەر مېھرىڭىز.
ئىزدىدىم قۇرماققا سۆھبەت سىز بىلەن،
زوق بەخش ئەتكەي كۆڭۈلگە زېھنىڭىز.

پادىچى يايراپ بۇ چەكسىز بەختىدىن:
«سۆيىنىمىز، — دېدى، — شاھنىڭ تەختىدىن.
كەلدى بۇ نۇسرەت يەنە قىلسام بايان،
بىر ئىرادە بىرلە ھۇرلەر ئەھلىدىن.»

دېدى-دە، ئۇ قىلدى ئىزھار ھەممىنى،
شاھ باسالماي قالدى ئاڭلاپ قەلبىنى.
دېدى ئاخىر: «بولسىمۇ گەرچە بىئەپ،
بەرسىڭىزكەن بىر كۆرۈشمەك ئەركىنى.»

دېدى قىزنىڭ ئاتىسى: «مۇمكىن بۇ ئىش،
چۈنكى شاھنىڭ سۆزىنى تەستۇر يېرىش.

ۋە لېكىن ئەندىش شۇكى، كۆرگەن كىشى،
ئاي جامالىدىن بولار دەرھال بىھوش.

دېسىڭىز تارتماي بىھوشلۇق دەردىنى،
تارتىمىز يەتتە قەۋەتلىك پەردىنى.
كۆرسىمىز شۇندا ئۇنى ئەركىن، خۇشال،
ھەمدە ئاڭلايسىز يېقىملىق لەۋزىنى.»

«خوپ» دېدى شاھ، كەلتۈرۈلدى شەرت بەجا،
كىردى «قىز» نىڭ ھۇجرىسىغا شاھ رىزا.
ئورنىدىن دەس تۇردى «قىز» تەزىم بىلەن،
خۇش قامەتتىن قىلدى مىڭ خىل نۇر جۇلا.

نۇرلىنىپ كۆز ئالدى شاھنىڭ شۇ ھامان،
قىلدى جىلۋە نۇر ئىچىدە كەڭ جاھان.
بۇ جاھان جاھان بولۇپ تۇنجى ئاڭا،
كۆرۈنۈش بەرگەندۇ بۇنداق ئۆز جانان.

بۇ گۈزەللىك قىلدى لال شاھ قەلبىنى،
خۇددى يادەك پۈكتى مەغرۇر قەددىنى.
باقتى نازلىق كۈلكىدە «قىز»، دەپ :«شاھىم!»
قايرىدى ھەمدە ئىككى - ئۈچ پەردىنى.

باشقىچە نۇرغا چۆمۈلدى ئۆي يانا،
جىلۋىگە كىردى گويا مىڭ خىل رەنا.

تېنىدە قالماي تاقەت تىزلاندى شاھ،
تاشتى ئىشقى سۆزلىرى دىلدىن مانا:

«سىزگە رام بولغان ئىدىم كۆرمەي تۇرۇپ،
بىر كۆرۈپ قىلدىم پىدا جان ئاھ ئۇرۇپ.
ئەمدى كۆرمەستىن كۆرۈم يوق مەن ئۇچۇن،
قۇتقۇزۇڭ، سۆيگۈمگە سۆيگۈ ياندۇرۇپ.»

ياغدۇرۇپ نازۇ كەرەشمە، غەمزىنى،
«قىز» كۆتۈردى يەنە ئۈچ قات پەردىنى.
ئالدۇرۇپ شاھ ئەقلىنى، سۆيگەنچە يەر،
قايتىلاپ تۆكتى ئاشىقلىق دەردىنى.

كۆرسە گەر ئەل ھالىنى شاھنىڭ شۇ تاپ،
ئەيلىگەي ئاللاغا ھەسرەتتە خىتاب.
دەر: «ياراتتىڭ بىزنى شاھقا خار قىلىپ،
شاھنى خارلىقتا كۆرۈش، بۇ نە ئازاب؟»

شادلىنىپ تولكە سىياق ئىچ - ئىچىدىن،
سۆيۈنەر تەڭسىز سېھىرلىك ئىشىدىن.
دەر: «مېنىڭ ئالدىمدا ئىنسان ھالى شۇ،
ئەمدى ئالغايمەن ھېساب ھەر بىرىدىن.»

ياغدۇرۇپ مىڭ خىل كەرەشمە خۇلقىدىن،
باغرىغا تارتتى رىزانى بويىنىدىن.

راستمۇ، يالغانمۇ دېگەندەك شاھ رېزا،
ئالدى جاي شۇئان «پەرى» نىڭ قوينىدىن.

ئاق بىلەك - ئاپئاق بىلەك، شېرىن تىلەك،
بولدى بىر گەۋدە ئاڭا ئوتلۇق يۈرەك.
جۇپلىشىپ لەۋلەر بىھوشلۇق ئىلكىدە،
ئاچتى دىللار بېغىدا مەستخۇش چېچەك.

بولسىمۇ كۆپ قىز بىلەن شاھ ئۆمرىدە،
تاپمىغان بۇنداق شېرىنلىك كۆڭلىدە.
جىسمىغا جىسمى بىلەن كەتتى سىڭىپ،
يايرىدى قەلبى پاراغەت ئىلكىدە.

زوق بېرىپ «پەرى» ئاڭا خۇش نازىدىن،
ئەيلىدى بۇلبۇلنى لال ئاۋازىدىن.
دېدى: «جۇپتىم بولمىغىڭ ھەقتۇر سېنىڭ،
سېنى تاپتىم چىن ئىشىق پەرۋازىدىن.

كۆپ ئايان بولدۇڭ چۈشۈمدە كۆيدۈرۈپ،
قوزغىدىڭ قەلبىمدە لەززەت سۆيدۈرۈپ.
مانا كەلدىڭ سەن بۈگۈن تاپتۇق ۋىسال،
ئال مېنى ئىلكىڭگە ئەمدى كۈلدۈرۈپ.»

بەردى توي قىلماققا ۋەدە شاھ شۇئان،
ئەلگىمۇ بولدى بۇ ئىش دەرھال ئايان.

ئوردا ئەھلى قۇتلىدى شاھنى خۇشال،
بولمىدى رازى پەقەت ئۇستاز نامان.

قىلدى ئۇ تەكرار بۇرۇنقى سۆزىنى،
ئۇنىددى شاھنى ئىچىشقا كۆزىنى.
شاھ غەزەپتە قىلدى زىندانغا بەند ئۇنى،
ئۇنى دوت، چاغلاپ ئەقىللىك ئۆزىنى.

بار ئىدى شاھ كەينىدە شۇ «ھۇر - پەرى،»
دېدى ماختاپ: «بۇ دانالىق تەدبىرى.»
دېدى لېكىن كۆڭلىدە: «ئۆز گۆشىنى —
ئۆز يېغىدا قورۇماقلىق تەسۋىرى.»

ئۆتكۈزۈپ شۇندىن كېيىن خۇش تويىنى،
ئالدى بارچە ئىشتا دانىش ئورنىنى.
نېمە دېسە، شاھ ئۇنىڭغا يول قويۇپ،
تۇتقۇزۇپ قويدى تامامەن ئوردىنى.

بىر زامان تونۇلدى ئۇ دانىش بولۇپ،
ئەل ئىچىدە ئەل سۆيەر خانىش بولۇپ.
قول قوياتتى ئاڭا ئوردا ئەھلىمۇ،
بويسۇناتتى قوي سۈپەت رايىش بولۇپ.

كۆرسىتىپ شۇنداق ئويۇن تۈلكە سىياق،
ئاردىن كەتتى ئۆتۈپ بىر ئايچە ۋاخ.

شاھنىمۇ قىلدى مىنۇت ئايرىلغۇسىز،
قەلبىدە قوزغاپ ئاتەشلىك ئىشتىياق.

شۇندا گويا بولدى تىل تەگكەن سىمان،
ياتتى «خانىش» ئاغرىپ، رەڭگى سامان.
پايپېتەك بولدى رىزا غەمگە پېتىپ،
يىغدى بارچە ئەمچىنى توۋلاپ شۇئان.

دېدى: «خانىش نە ئۇچۈن بولدى بىتاب؟
تەكشۈرۈڭلار، ئاختۇرۇڭلار ھەم كىتاب.
كىم شىپا تاپسا ئۇنىڭغا ۋاقتىدا،
ئىلتىپاتىم زور مېنىڭ، ئىنئام سىراپ.»

پايپېتەك بولدى تېۋىپلار ئالدىراپ،
ئىشلىدى تۇننى تالاي تاڭغا ئۇلاپ.
بولمىدى لېكىن ئۇنۇم،
«خانىش - پەرى»،
كۈنسېرى باردى سولۇپ، ھالى خاراب.

ئۇلغىيىپ تەشۋىش رىزانىڭ قەلبىدە،
تاقىتى تاق بولدى «خانىش» دەردىدە.
دەيتتى: «ئۇسىز يوق ماڭا يورۇق جاھان،
قىل شىپا، ئاللا پاناھىڭ بەھىرىدە.»

شاھنى شۇ ھالدا كۆرۈپ «خانىش - پەرى،»
دېدى: «پارە قىلمىسۇن غەم خەنجىرى.

كەلمىدى كارغا تىۋىلار، نە ئامال،
ۋە لېكىن باردۇر ئۆزۈمنىڭ تەدبىرى.

تەس بىراق تىلغا ئېلىش بۇنى شۇ تاپ،
بار بۇنىڭدا ھەم خۇشاللىق ھەم ئازاب.
بۇ خۇشاللىقنى بايان قىلسام ئوچۇق،
بار بويۇمدا بىر ئوغۇل تەختىڭگە باپ.

كېسىلىم ئاشۇ ئوغۇلنىڭ سېزىكى،
بولمىقى لازىم سېزىكنىڭ گېزىكى.
شۇ گېزەكنى ئىنتىزار كۆتمەكتە ئۇ،
ئۇ ئۇنىڭ زور ئوزۇقى ھەم بېزىكى.»

كۈلدى شاھ قاھ-قاھ ئېتىپ ئاڭلاپ بۇنى،
دېدى: «قىلغايمەن گېزەككە يار ئۇنى.
ئېيت، نېمە ئۇ؟
بولسىمۇ كۆك قەيىردە،
بار ئامالىم كەلتۈرۈشكە دەل شۇنى.»

دېدى خانىش: «ئۇ ئەمەس كۆك قەيىردە،
ياتقىنى يوق ھەم نىھان يەر تەكتىدە.
بولسا ئىنسان يەر يۈزىدە قانچىلىك،
باردۇر بىردىن ھەر بىر ئىنسان ئەھلىدە.

ئىستىسەڭ بىلمەكنى سەن، نامى يۈرەك،
مەندىكى ھامىلىگە دەل شۇ كېرەك.

بولمىسا ئۇ، ئېپ كېتەر مېنى سېزدىك،
يوق شىپالىق دوردىمۇ ئۇندىن بۆلەك.»

ئۇلتۇرۇپ قالدى رىزا ئويغا پېتىپ،
دەيتتى: «كەلمەكتە ئەجەب قىسمەت يېتىپ.
سالمىسا ۋەھىمىلىك بۇ ئىشقا قول،
قالدۇ پەرزەنتىمۇ بىللە كېتىپ.»

چىددىماي ئاخىر جۇدالىق دەردىگە،
ئالدى قان تۆكمەكنى دەرھال ھۆددىگە.
دېدى: «تاپماققا شىپالىق بىر يۈرەك،
كىرگۈزەي جاللاتنى دەرھال تۆرمىگە.»

دېدى: «خانىش» بىھاجەت ئۇنداق يۈرەك،
ياخشىسى ساغلام، تازا بولماق كېرەك.
چۈنكى پەرزەنتكە ئۆتەر تەبىئىتى،
بولمىقى لازىم ئوغۇل قابىل زېرەك.»

ئويلىنىپ شاھ دېدى: «بەرھەق بۇ سۆزۈڭ،
ھۆر - پەرىسەن، بەندىدىن ئۆتكۈر كۆزۈڭ.
بولمىغىچۈن ئوغلىمىز قابىل، زېرەك،
تاللىغىن ئەڭ باب يۈرەكنى سەن ئۆزۈڭ.»

دېدى خانىش: «بەك ئاسان تاللاش ماڭا،
بىلمىدىم، ياقامدىكىن، ئېيتسام ساڭا.

يوق غۇلامدىن ئۆزگە ھېچ مۇۋاپىقى،
قالمىغاي ئارمان، ئوغۇل تارتسا ئاڭا.»

كەلدى شاھنىڭ يادىغا شۇ سائىتى،
مەرد غۇلامنىڭ شىر سۈپەت زور قامىتى.
قۇتقۇزۇپ شاھنى ئۆلۈم گىردابىدىن،
دۈشمىنىنى قەتلە قىلغان ھالىتى.

ھېلىمۇ سادىق بولۇپ شاھقا تامام،
ياۋنى قوغلاپ، جەڭنى قىلماقتا داۋام.
سۆيىنەر ئوغلى ئۇنى تارتسا رىزا،
ۋە لېكىن كەلمەس يېنىپ قايتا غۇلام.

دېلىغۇللۇقتا كۆرۈپ شاھنى «پەرى»،
دېدى: «ئەندىشنى ئويۇڭدىن قىل نېرى.
كەلمىگەي ئۇندىن ۋاپا ھەرگىز ساڭا،
چىرىسا زىنداندا شۇ نامان قېرى.

ئەيلىمەك لازىم شۇڭا ئۇندىن ھەزەر،
يوق ئاراملىق بىزگە ئۇ كەلسە ئەگەر.
پايدىلىق بىزگە پەقەتلا يۈرىكى،
خۇددى بولغاندەك شىپا گاھى زەھەر.»

ئويلىنىپ شاھ دېدى: «بەرھەق بۇ سۆزۈڭ،
ھۆر - پەرىسەن، بەندىدىن ئۆتكۈر كۆزۈڭ.

تاجۇ تەختىم ھەمدە نەسلىم بەختىسەن،
نىمە قىلساڭ، خالىغاننى قىل ئۆزۈڭ.»

ئەي ساقى، قىلغىن قەدەھنى ئىلتىپات،
ھەمدى كۆڭلۈم باغىنى قىلسۇن ئاۋات.
دېمىگىن: «يەكدى شاياتۇن ھىيلىسى،»
بار غۇلام، يايغاي كۆرەش ئەمدى قانات.

# سەككىزىنچى باب

## تىرناق ۋە تۇمشۇق

يۇرت قەدرىنى شاھلار بىلمەس، باشقا يۇرتقا چۈشمەگۈنچە،
ياخشى ئەرنىڭ قەدرىن بىلمەس، بىر يامانغا چۈشمەگۈنچە.
(«غېرىپ — سەنەم» داستانىدىن)

ئايلىنىپ چىقتى غۇلام كۆپ يېزىنى،
ئاختۇرۇپ تۈلكە سىياقىنىڭ ئىزىنى.
شۇ كىرىپ كەتكەنچە چانقال ئىچىگە،
قايتا رەت كۆرسەتمىدى ئۇ ئۆزىنى.

كىردى تاغلىق يېزا تىنچلىق ئىلكىگە،
بولدى ئەلنىڭ ھۆسنى ھەمراھ كۈلكىگە.
دەيتتى ھەممە: «ياشىسۇن پاششاپ غۇلام،
بولسىلا ئۇ، يەم ئەمەس بىز تۈلكىگە.»

ۋە لېكىن پاششاپ غۇلام ئويغا چۆكۈپ،
دەيتتى: «ئۇ ئالغان نېچۈن بۇنچە مۆكۈپ؟
يە كۆيۈپ بولغان مېيىپ ئوتتا شۇ چاغ،
ياتىدۇ ياكى بەلەن پۇرسەت كۈتۈپ.

قۇرۇماي ئاپەت شۇڭا يىلتىزىدىن،
زادى كەتمەسلىك كېرەك بۇ يېزىدىن.

ئىلىنار قۇۋ تۈلكە دەل تۇمشۇقىدىن،
تۇتىلار ئالۋاستىمۇ ئېغىزىدىن.»

ئايلىنىپ كۆز ۋە قۇلاقتا بارلىقى،
ھەسسىلەپ ئاشتى ئۇنىڭ ھوشيارلىقى.
قىلدى كەزمەكنى داۋام ئىز ئاختۇرۇپ،
سالدى ئىز ھەر يانغا تەكرار ئايىغى.

بارسا نەگە ئەل بىلەن ھەمدەرد بولۇپ،
يۆلىدى يوقسۇلنى شەپقەت ياغدۇرۇپ.
ئەلنى قاقشاتقان تالاي بەگ، قازىنى،
توۋا قىلدۇردى جازالاپ، ئاغدۇرۇپ.

ئورنىغا چىقتى ئادىل باشقۇرغۇچى،
ئەل ئىشىنى جان تىكىپ ئاتقۇرغۇچى.
كەسپى ئۆزگەردى قاراقچى، ئوغرىنىڭ،
تۈن ۋە كۈن بولغاچ ئەدەبلەپ تۇرغۇچى.

ئۆز ئىشىدىن خۇش بولۇپ پاششاپ بېگى،
دەيتتى: «يوقكەن ئىشلىسە، ئىشنىڭ چېكى.
يەتسە مەنپەئەت ئىشىدىن ئەلگە تولۇق،
قۇچقۇسى ھەردەم ئۇنۇم پاك ئىستىكى.

كۈنسېرى قايناپ - تېشىپ زوق، رىغبىتى،
ئۆز ئىشىغا ئاشتى مېھرى، ھۆرمىتى.

بىر ئۆمۈر قىلماققا بۇ ئىشنى داۋام،
يۇرت كېزىش بولدى ئەبەتلىك نىيىتى.

شۇ ئۈچۈن، ئېيتقاندا گەپنىڭ راستىنى،
گۈم قىلىش لازىم ئاۋۋال ئالۋاستىنى.
يەر يۈزىدىن يوقىماي تۈلكە سىياق،
بولمىغاي ھەرگىز سۈزۈك يۇرت ئاسمىنى.

ۋە لېكىن يوقتۇر خەۋەر ئالۋاستىدىن،
يۈتتى ئالغاندەك ئورۇن يەر ئاستىدىن.
قاتتى پاشاپ بېشىنىڭ ئىچى - تېشى،
نە ئامال تاپقاي بۇنىڭغا باشقىدىن.

«بولسىمۇ كەڭ، — دېدى، — يەر-كۆك ئارلىقى،
يۇرتىمىزغا مەڭگۈ مەنسۇپ بارلىقى.
ھەممە يەردە بار ياۋۇزغا قارشى كۈچ،
ياۋنى تۇتماق بارچە ۋىجدان يارلىقى.

شۇڭا قۇرماق ئەل ئۈچۈن ھەردەم زۆرۈر،
ياۋغا قارشى يەردە قاپقان، كۆكتە تور.»
دېدى - دە، ئۇ خەت يېزىپ تارقاتتى كەڭ،
ئويغىتىپ ئەل ئېڭىنى، ئىزلەپ ئۇچۇر.

ۋە لېكىن كەلدى يېتىپ شاھ يارلىقى،
توختىسۇن دەپ ئىشلىرىڭنىڭ بارلىقى.

ئۇردىغا كەلگىن يىپىنىپ قىلماي ھايال،
ساڭا تەشنا ئۇردا ساھىب كارلىقى.

بۇ ئەجەب ئىشتىن غۇلام ھەيران بولۇپ،
كۆڭلىگە پۈككەن ئۆيى ۋەيران بولۇپ.
نېمە قىلماقلىق كېرەك دەپ خورسىنىپ،
قالدى تەڭلىكتە ئۇزاق باش قاتۇرۇپ.

كەلدى شۇندا ئۇنى ئىزدەپ بىر كىشى،
ئەكس ئېتەر ئوزايىدىن زور تەشۋىشى.
كەلدى ــ دە، ئۇ تىز پۈكۈپ، قـوشتۇردى قول،
قوش بۇلاقتەك كۆزىدىن ئاقتى يېشى.

دېدى: «كەلدىم مەن ئاتاڭنىڭ يېنىدىن،
سۆز ئېچىشقا ھەم ئاتاڭنىڭ غېمىدىن.
سېنى ئويلاپ ياش تۆكەر زىنداندا ئۇ،
قالمىغاي دەپ ئايرىلىپ ياش جېنىدىن.»

«نېمە دەيسەن؟» دەپ غۇلام قاتتىق چۆچۈپ،
بولدى چۈشكەندەك بېشىغا بىر تاغ كۆچۈپ.
ئاندىن ئاڭلاپ تەكتىنى ئىشنىڭ تولۇق،
دەرغەزەپكە كەلدى تاشتەك مۇش تۈگۈپ.

دېدى: «پارە قىلدى دىلنى شۇمخەۋەر،
ئاھ ئۇرارمەن يۈرگىنىمگە بىخەۋەر.

مەن سوروپ ئالۋاستىنى ئاۋارىمەن،
شاھ ئۇنى ئەيلەپتۇ جۇپتى بى ھەزەر.

جان ئاتام قىلغاچ ئۇنى ئالدىن ئاگاھ،
قىپتۇ زىندانىنى ئاڭا مۇدھىش پاناھ.
ئاھ، بۇنى مۇمكىنمۇ دوستۇم كەچۇرۇش،
بولغۇدەكمىش يۇرۇگۇم ئۇستەك يانا.

نە ھاجەت ئەمدى ماڭا تەنە - تاپا،
ئەيلىمەي دۇشمەننى شاد، دوستىنى خاپا.
تىغ سالاي ئالۋاستىغا شاھنى قوشۇپ،
بولمىسۇن ئەيلەپ ۋاپا تاپماق جاپا.»

چىقتى يولغا ئاتلىنىپ قىلماي ھايال،
كەلتۇرۇشكە ئوردىغا مۇدھىش زاۋال.
دەيتتى: «مۇدھىش شۇ چۇشۇڭنى ئەي خاقان،
ئەمدى كۆرگەيسەن ئوڭۇڭدا بىمالال.»

توختىماي، ئالماي ئارام چەكتى سەپەر،
قالدى ئارتتا كۆپلىگەن سەھرا - شەھەر.
ئۇلىغاندا كۇننى تۇنگە شۇ سۇپەت،
كەلدى بىر تاغقا يېتىپ سۇبھى - سەھەر.

گەرچە تاغ ئاتالسىمۇ، باغنىڭ ئۆزى،
مېۋىلەر كەتكەن پىشىپ، ياغنىڭ ئۆزى.

سايرىشار بۇلبۇل خۇشال ئەيلەپ ناۋا،
پەسلى كۈز، ھەمدە باھار چاغىنىڭ ئۆزى.

كۆردى ـ دە، مەنزىردىن يايراپ غۇلام،
بولدى ئالماق ئۇلتۇرۇپ بىر دەم ئارام.
ئېتىنى چۆپكە قويۇپ ياتتى ئۆزى،
بۇ گۈزەللىك سېھرىگە بەند بوپ تامام.

لەۋلىرىگە ياقتى لەۋ سالقىن شامال،
قۇچتى گويا ئۇنى بىر ساھىبجامال.
جىسمى ئۆتتى زوق، ھۇزۇرنىڭ ئىلكىگە،
قىلدى ئۇيقۇ روھىنى دەرھال قامال.

ياتتى شۇنداق، سەزمىدى ھېچ شەپىنى؛
سۇردى شېرىن ئۇيقۇنىڭ خۇش كەيپىنى.
بەرمىگەن ئايۋان-ساراي، ماموق توشەك،
بۇندىن ئالغان تىنچ، ئەمىنلىك پەيزىنى.

توۋلىغاندەك قىلدى بىر چاغ بىر كىشى،
تۇردى سەكرەپ، دىلدا ئۆرلەپ تەشۋىشى.
كۆردىكى، تۇرغان كۈلۈپ بىر مويسىپىت،
خۇددى قاردەك ئاق ئىكەن چاچ ھەم قېشى.

كۆردى ـ دە، پاششاپ ئاڭا بەردى سالام،
مويسىپىت باقتى ئاڭا، دەپ: «ئەي بالام.

نەزەرىم چۈشكەن ساڭا كۆپتىن بېرى،
غايىبانە يار بولۇپ كەلدىم تامام.

پىشتى ئىشنىڭ ئەمدى ۋاقتى ـ سائىتى،
قالمىدى شاھنىڭمۇ ئارتۇق تاقىتى.
تەلۋىلەرچە روھتا كۈتمەكتە سېنى،
جىن ـ شاياتۇننىڭ بولۇپ يار، شاھىتى.

بەرمىكىم لازىم ساڭا بىر جۈپ قورال
بەرگۈسى بۇ تۈلكىگە قانلىق زاۋال.
قولتۇقۇڭغا ئال بۇنى مەزمۇت تىكىپ،
قىل قوبۇل شاھ سۆزىنى مەغرۇر، خۇشال.»

دېدى ـ دە، بولدى بوۋاي كۆزدىن نىھان،
قالدى پاششاپ تاڭ قېتىپ «زەپ ئىش؟» دېيان.
قولىدا ئىسسىت تىرنىقى، قۇش تۇمشۇقى،
«جۈپ قورال» بۇ، تۈلكىنى بابلايدىغان.

ئاشتى ھەيرانلىق دىلىدا ھەسسىلەپ،
«كۆرگىنىم چۈش بولمىسا...» دەر، بۇ ئەجەب؟
ئاخىرى تىكتى ئۇنى قولتۇقىغا،
يولغا چىقتى ئۆزىگە ئاق يول تىلەپ.

xx xx xx

ياتىدۇ شاھ «خاتۇنى» ئۆيدە سولۇپ،
ئايلىنار ئەتراپىدا شاھ ئاھ ئۇرۇپ.
كۆز ـ قۇلاقتا ئايلىنىپ سەزگۈلىرى،
تىكىلەر سىرتقا ھامان ئادەم جورۇپ.

كەلمىسە پاششاپ ئەگەر تېپىپ تۇيۇق،
بۇ «خاتۇن» ھاياتىدىن ئۇمىدىمۇ يوق.
شۇ كەبى ھالسىزلىنىپ ھەر كۈنسېرى،
ياتىدۇ ئىڭراپ ئاران، قەيقىپ قورۇق.

قايغۇدىن ئارتىپ رىزانىڭ تەشۋىشى،
باغلىنىپ قالدى «ئايال» غا، ئەس ـ ھوشى.
يۇمىمىقى مۇمكىن كۆزىنى بىئۇاقىت،
يۇمسىلا گەر كۆزىنى بۇ «مەھۋىشى.»

ئەنە شۇ ھالدا بېتىپ كەلدى غۇلام،
كەلتۈرۈپ بەجا «خانىش»، شاھقا سالام.
ياندى ئۈمىد شامى شاھنىڭ قەلبىدە،
كۆلدى «خانىش» كەلدى پەيتىم، دەپ تامام.

ئولتۇرۇپ قىلدى بايان ئەھۋالنى شاھ،
«خوپ» دېدى پاششاپ خۇشال تاشلاپ نىگاھ.
«سىزگە ئالىق جان ـ تېنىم، يوق ھېچ گۇمان،
بىلىسىڭىز سىز مەن ئۈچۈن خۇددى ئىلاھ.

ھېلىغۇ باركەن مېنىڭدە بىر يۈرەك،
بولسا ئۇنى قىل تولۇق دەيتتىم، كېرەك.
بىر ئۆلۈپ قايتا تۇغۇلماق چۈنكى ھەق،
نەسلىڭىزگە يۈرىكىم بولسا كېرەك.»

كۆلدى شاھ «ساداقىتىڭگە بەللى» دەپ،
كۆلدى «خانىش» ئەمدى پەيتىم كەلدى، دەپ،
كۆلدى پاششاپ: «نۆەشۇقىدىن ئىلىنار،
مانا بۇ تۆلكە سىياق شۇم ئەمدى» دەپ.

دېدى «خانىش» خۇشلۇقىدىن سۆزلۈپ:
«ئەمدى مۇمكىن كەتمىكىمۇ تۈزۈلۈپ.
ۋە لېكىن بىلگەي خەلق سىزنى چوقۇم،
روھىڭىز قالماسلىقىغا ئۈزۈلۈپ.

شۇڭا ئەلنى قىلمىسىز تەكلىپ بۇيان،
تۇرىدۇ ئىش ئۈستىدە سۈرمەي زۇۋان.
موم ياغاچقا باغلىنارسىز بۇندا سىز،
پاك، سادىقلىق روھىنى ئەيلەپ بايان.

كېلىمەن خەنجەر تۇتۇپ قولۇمغا مەن،
ھېچ كىشى پۇتلاشمىغاي يولۇمغا ھەم.
ئالدىدا ئەلنىڭ شۇئان يۈرىكىڭىز،
بولىدۇ قارنىمدىكى ئوغلۇمغا يەم.»

«خوپ، — دېدى-دە، كۆلدى پاششاپ مۇلايىم،
قان بىلەن تەك تۆگەر بولسا گۇناھىم.

ئىختىيارغا تاپشۇردىمەن ئىختىيار،
ئىشنى ئۆزى ئوڭشار شۇندا ئىلاھىم.»

ئىش تەرتىپى ئەنە شۇنداق تۈزۈلدى،
ئورنىتىشقا موما، يەرمۇ قېزىلدى.
جاكارچىدىن ئاڭلاپ خەلق خەۋەرنى،
كەلگىنىچە قاتارلىشىپ تىزىلدى.

ئەل ئالدىدا پاششاپ مەھكەم باغلاندى،
ئەل يۈرىكى ھەسرەت بىلەن داغلاندى.
كۈلۈپ «خانىش» يۈز مېتىرچە يىراقتىن،
رەقىبىنى ئۆلتۈرمەككە چاغلاندى.

قولىدا خەنجەر ۋال - ۋۇل قىلىپ نۇر چاچار،
لەۋلىرىدە تەبەسسۇمى گۈل ئاچار.
كۆزلىرىدە تەنتەنىسى غەلىبىنىڭ،
ۋۇجۇدىدا قىساس ئوتى يالقۇنلار.

كېلەر كۆزلەپ كۆكرىكىنى غۇلامنىڭ،
يۈرىكىنى يۇلماققا بۇ ئوغلاننىڭ.
بۇنداق ئىشنى كۆرمەك تۈگۈل ھېچ كىشى،
ئاڭلىمىغان بوپ شاھىدى دەۋراننىڭ.

سىزنىڭ ئۈچۈن ئادەم گۆشى داۋامۇ؟
بۇنداق داۋا شەرىئەتكە راۋامۇ؟

ئادەم جىنى بولۇپ شاھقا ئويۇنچۇق،
يىغى - زارى كۆڭۈل ئاچار ناۋامۇ؟

ۋاپادارغا جاپا قىلماق نىمە كوي؟
بۇندا شاھنى قىلدى مەھكۇم نىمە ئوي؟
ياكى شەيتان چىتىلدىمۇ بۇ ئىشقا،
ئالۋاستىغا شاگىرتمۇ يا، بۇ «گۈلروي؟»①

ئىچىنىشتىن ھەممە بىردەك ئاھ ئۇرۇپ،
سۆكەر شاھنى لەنەت - قارغىش ياغدۇرۇپ.
سۆكەر ھەمدە سۈلكەتلىك ئۇ «خانىش» نى،
ياۋۇزلۇقتا يالماۋۇزدىن ئارتتۇرۇپ.

ماڭار «خانىش» ئەتراپىغا كۆز سالماي،
ماڭار مۇدھىش رەقىبىدىن كۆز ئالماي.
قولدا خەنجەر رەقىبىگە چەنلەكلىك،
قاھ - قاھ ئىتىپ كۈلەر يەنە ئويلىماي.

ئاشۇ سۈپەت ئەسەبى تۈس ئالغانچە،
ماگدى ئۇزراپ تۇمشۇقىنىڭ بارغانچە.
سىياقىنى باردى ئوخشاپ تۈلكىگە،
پاششاپ بەگكە يىقىنلىشىپ قالغانچە.

---

① گۈلروي — گۈل يۈزلۈك.

پاشاپ بەگمۇ مەغرۇر تۇتۇپ ئۆزىنى،
تۇرار ياۋغا مىختەك قاداپ كۆزىنى.
قولتۇقىدىن بۈركۈت، تايغان بوي سوزدى،
قىلىپ ئىسپات ئاڭا خىزىر سۆزىنى.

كىردى «خانىش» تامام تۈلكە سىياقتا،
ماڭدى ئالغا سۈيىنىپ تۆت ئاياغتا.
بەش قەدەمچە قالدى مانا ئارىلىق،
بىر سەكرىسە يېتەر ئەمدى مۇرادقا.

سەكرىدى ئۇ مانا شىردەك شىددەتتە،
ياندى ئارتقا يانا ئاشۇ پۇرسەتتە.
ئېتىلغانتى ئاڭا بۈركۈت، تايغانمۇ،
خۇددى يادىن چىققان ئوقتەك سۈرئەتتە.

قاچتى تۈلكە ئوردا تامان جان تىكىپ،
ماڭدى تايغان قوغلاپ ئۇنى ئىز بېسىپ.
بۈركۈت ئوردا گۈمبىزىگە ئېتىلدى،
پەرۋاز بىلەن ئېگىز كۆككە تىك چىقىپ.

بولۇپ ھەيران بۇ ئەھۋالدىن ئالامان،
ماڭدى قاراپ ئوردا تامان شۇ ھامان.
ياتار تۈلكە ئالىقاچان جان بېرىپ،
يۈرىكىگە تۇمشۇق، تىرناق قادالغان.

كىرىپ كەلدى پاشاپ بۇنىڭ ئۈستىگە،
باستى ئېلىپ «جۇپ قورال»نى كۆكسىگە.

قىلدى بايان جەرياننى ئەھۋالنىڭ،
ياغ چاچقاندەك ئۇلۇغ ئوتنىڭ ئۈستىگە.

كۆتۈرۈلدى غەزەپ، قىساس يالقۇنى،
كۆتۈرۈلدى شاھقا ئىسيان دولقۇنى.
بىراق غايىب بولغان ئىدى شاھ بۇ چاغ،
تاپالمىدى ھېچبىر يەردىن ئەل ئۇنى.

«ئىزدىمەڭلار، — دېدى پاششاپ مەردانە،
يۈردۈەرسۇن ئەلدىن قېچىپ سەرسانە.
بۇندىن ئارتۇق ئۆزگە ئېغىر ئازاب يوق،
بولۇپ قالسۇن بۇ بىر مەشھۇر ئەپسانە.»

بۇ سۆز ئارام بېرىدۇ ئەلنىڭ قەلبىگە،
قىلدى خۇشال تەنتەنە بۇ غەلبىگە.
شاھ ئورنىغا پاششاپ بەگنى چىقاردى،
دەردكە دەرمان، پاسىۋانە دەپ ئەلگە.

كەتتى باشتىن جاھالەتنىڭ تۇمانى،
قۇچتى ئەلنى يېڭى ھايات جەۋلانى.
قۇچاقلاشتى ساق سالامەت ئەل بىلەن،
چىن ھەقىقى دانىش نامان مەۋلانى.

دېدى نامان: «جاھان ھايات سەھنىسى،
بار ئۇنىڭدا ياخشى، يامان ھەممىسى.

يېتىپ بولماس بىر ياخشىنىڭ قەدرىگە،
بىر يامانىنى كۆرمىگۈنچە ھەر كىشى.

ياخشىدىن ئات، ياماندىن دات قالىدۇ،
ياخشىنى ئەل ئۆز بېشىغا ئالىدۇ.
يامانلىقتىن شەيتانغا دوست بولغانلار،
ئۆمۈرۋايەت ئاھانەتكە قالىدۇ.

ياخشىلىقنى تۇغار شۇڭا يامانلىق،
يامانلىققا ئوت ئاچىدۇ ئامانلىق.
شۇڭا ھامان پارلاق ئۈمىد چولپانى،
يېتەكلەيدۇ بۇ نۇر ئەلنى داۋاملىق

دەيلى شۇڭا ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات،
قىلسۇن بىزنى پاراۋان بۇ ھۆر ھايات.
تىلـەيلى بىز يېڭى شاھقا ئامانلىق،
يايدۇرسۇن ئۇ ئادىللىقنى كەڭ قانات!»

قاپلاپ شادلىق سادالىرى سامانى،
سۈزۈلدۈردى ئەل ئاھىدىن ھاۋانى.
قىلدى غۇلام ئەلگە تەزىم ھۆرمەتتە،
دەپ: «يۈرىكىم مەڭگۈ ئەلنىڭ يارانى!»

× × ×

بۇ چاغ رٮزا كېزٮپ چۆلنى سەرسانە،
يۇرەر قېچٮپ پاناھ ئٮزدەپ ھەر يانە.
خٮيالٮدا قوغلار ئۇنى ئٮت، بۇركۇت،
«خانٮش» دٮمۇ ئەگەشمەكتە بوپ سايە.

قاچار ھەر يان قورقۇنچٮنى باسالماي،
ئاۋارٮدۇر ياكى بٮر قٮر ئاشالماي.
شەربەت يۇتقان لەۋلٮرٮدە تەشنالٮق،
قىينار ئۇنى تېمٮم سۇمۇ تاپالماي.

تەختتە ئۆسكەن قەددى يادەك پۈكۈلدى
كۆن كۆرمٮگەن چېھرٮدٮن تەر تۆكۈلدى.
پاياندازغا ئادەتلەنگەن پۇتلٮرى،
قۇمغا چۆكۈپ، پار - پۇر كەشى سۆكۈلدى.

ماڭدى ئۇزاق شۇ ھالەتتە سۆرۈلۈپ،
ئويلٮمٮغان بۇنداق ئٮشنى تۆرۈلۈپ.
هارغٮنلٮق ھەم تەشنالٮقتٮن ئاخٮرى،
يٮقٮلدى ئۇ كالپۇكلٮرى ئۆرۈلۈپ.

كۆمدى قۇملار چاك قونمٮغان تېنٮنى،
چۆل ئاپتٮپى بوغدى نٮمجان دېمٮنى.
بٮر توپ قوماي ئۇچۇپ كېلٮپ كۆپ **ئۆتمەي**،
پارە - پارە قٮلٮشۋەتتى تېنٮنى.

كەلتۈر ساقىي شارابىڭنى بىر يۇتاي،
چۆچەكنىمۇ مۇشۇ يەردە توختىتاي.
خۇلاسىنى قىلاسۇن ئۆزى كىتابخان،
مەيدىن كېيىن سەن بىلەنمۇ خوشلىشاي.

1980 — 1990 - يىللار

ئۈرۈمچى

# قىسمەتلىك ياشلىق

ياشلىقنى ئەسلەيدۇ دائىم،
ياشلىقىدىن جۇدا بولغانلار.
بىلمەس ئۇنىڭ قەدرىنى بىراق،
قۇرامىغا راسا تولغانلار.

قەمبەر بوۋاي ياش بولغان بىر چاغ،
ئۆتكەن بىراق غۇربەتتە كۈنى.
ئوتتۇن يىغىپ، ئوتتۇن ساتماقلىق،
قېرىتقانىكەن بىھۇدە ئۇنى.

قەددى يادەك ئېگىلىپ ئاخىر،
پۇت - قولىدىن كېتىپتۇ ماغدىر.
مۈشكۈلىنى قىلماپتۇ ئاسان،
قېرىشقاندەك يەنىلا تەقدىر.

كەسسە ئوتتۇن جاڭگال ئارىلاپ،
يوقكەن ئارتىپ كېلەر كالىسى.
كېلەر ئىكەن يۈدۈپ يېگانە،
يوقكەن «ھە - ھۇ» دېيەر بالىسى.

يىغلايدىكەن ئۆيدە موماي،
بوۋىينىڭ قاراپ ھالىغا.

يىغلايدىكەن كېچە ۋە كۈندۈز،
زار بولغىنى ئۈچۈن بالىغا.

نېمە ئامال بەرمىسە خۇدا،
«توۋا، خۇدا نېمانچە بېخىل؟!»
لېكىن بوۋاي، موماي ئىككىسى،
دەر گۇماندا بولماپتۇ سىجىل.

كەپتۇ تىلەپ ياخشى تىلەكنى،
«ئۈمىد بار — دەپ، — ئۆلمىگەن جاندا.»
بەرمەپتۇ تەن تەقدىرىگىمۇ،
«چىشلەيمىز، — دەپ، — ئىشلەپ هەر ئاندا.»

ئاشۇ كويدا بوۋاي تىنىمسىز،
قىلماقتىكەن كەسپىنى داۋام.
چىقىپ بىر كۈن دەهشەتلىك بوران،
كەڭ جاڭگالنى قاپلاپتۇ تامام.

پاناه ئىزدەپ شۇ هامان بوۋاي،
هەر تەرەپكە تاشلاپتۇ نەزەر.
شۇندا پەيدا بوپتۇ ئالدىدا،
بىر ئەجدىها چاچرىتىپ زەهەر.

هودۇقۇشتىن تەمتىرەپ بوۋاي،
ئاڭا قاراپ پالتا چېپىپتۇ.

بولۇپ باشتىن جۇدا ئەجدىھا
چەھەننەمگە دەرھال كېتىپتۇ.

پەيدا بوپتۇ شۇئان بىر يىلان،
تەزىم بىلەن خۇشال سۆز قىپتىپ.
دەپتۇ: «مېنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭ،
بېرەي ساڭا نېمە ئىش قىلىپ؟

خالتا ـ خالتا ئالتۇن كېرەكمۇ،
يا، تۇرالغۇ ـ ھەشەمەتلىك جاي؟
يا، سېھىرگەر بولماق ئىستەمسەن؟
تەلىپىڭنى ئېيتقىن تارتىنماي!»

دەپتۇ بوۋاي: «قىلغان سۆزۈڭنىڭ
تەكتىگە ھېچ چۈشىنەلمىدىم.
ياكى ئويغاق كۆرگەن چۈشمۇ بۇ،
كۆزۈمگىمۇ ئىشىنەلمىدىم.

نېچۈن يىلان تۇرۇقلۇق ئۆزۈڭ،
ئادەم سۈپەت زۇۋان سۈرىسەن؟
نېچۈن بەجا كەلتۈرۈپ تەزىم،
ھىممەت ئاتا قىلماق بولىسەن؟»

شۇندا يىلان تولغىنىپتۇ ـ دە،
ئايلىنىپتۇ يىگىتكە دەرھال.

دەپتۇ: «ئەسلى سىياقىم مۇشۇ،
تەكتىمنىمۇ تولۇق بىلىپ قال.

كۆيىقاپتۇر ئەسلى ماكانىم،
پەرى شاھى شاھزادىسى مەن.
ئۆگەنگەنمەن قىرىق خىل سېھىر،
مەردانىلەر مەردانىسى مەن.

شۇڭا نامىم كويىقاپ ئارا،
يادلىناتتى ھەر كىم تىلىدا.
نېمىشقىدۇر، بۇ نام زور ھەسەت،
قوزغاپتۇ بىر دىۋە دىلىدا.

ئاخىر ماڭا قىلدى جەڭ ئېلان،
شۇ نامىمنى ئۆچۈرمەك ئۈچۈن.
پەرى يۇرتى — كويىقاپنىمۇ،
تەكتىدىن دۈم كۆمتۈرمەك ئۈچۈن.

كىردۇق جەڭگە شىددەتتە ئاخىر،
ئۇرۇلغاندەك بولدى تاغ تاغقا.
قىلىچلاردىن چاقنىدى ئۇچقۇن،
چاقماق كەبى تاراپ ھەر ياققا.

تىلغاندى يەر، توزىدى توزان،
قۇياش نۇرى توسۇلدى چاڭدا.

گاھ ئۇ مېنى سۇرسە كەينىمگە،
گاھ قىستايتتىم ئۇنى قىستاڭغا.

كېلەلمەي تەڭ كۆچۈمگە كۆچى،
ئۆتتى ئاخىر سېھىردى ھېيلىگە.
قاۋان بولۇپ ئېتىلدى ئوقتەك،
شەمشەردىنى قىسىپ بېلىگە

يېلپىز بولۇپ ئېتىلدىم مەنمۇ،
ئوشتۇماققا بېلىنى مىجىپ.
كەپتەر بولۇپ شۇ ھامان ئەييار،
ئاللىقىنىمدىن قۇتۇلدى قېچىپ.

لاچىن بولۇپ قوغلىدىم ئۇنى،
بۈركۈت بولۇپ ھۆرپەيدى ماڭا.
يىلان بولۇپ چۈشتۈم جاڭگاللىغا،
ئىزدىمەككە چاتقالدىن پاناھ.

نېمە بىلەي، بولۇپ ئەجدىھا،
ئارقامدىنلا چۈشتى باسماغداپ.
شۇئان ھالاك قىلدىك سەن ئۇنى،
پالتاڭ بىلەن بېشىنى چاناپ.

شۇڭا بوۋاي، مېنى ئۆلۈمدىن،
قۇتقۇزدۇڭ دەپ ئېيتىمەن تەكرار.

ئۇلتىپاتىم شۇڭا كەڭ ساڭا،
ئال، نېمىنى قىلساڭ ئىختىيار.»

دېدى: «بوۋاي ياخشى كۆڭلۈڭگە،
رەھمەت ئېيتىماي تۇرالماس كىشى.
بىراق سەكسەن ياشلىق كىشىنىڭ،
بايلىق بىلەن بولسۇن نېمە ئىشى؟!

خۇدا بەرگەن ئامانىتىنى،
ئالسا چىرايلىق كۈپايە ماڭا.
شۇڭغىچىلىك تۇرسام مىدىراپ،
ھاجىتىمنى چۈشمەيدۇ ساڭا.»

دېدى يىگىت: «بولما نائۈمىد،
تىرىككەنسەن، ئۆلۈمنى ئۇنۇت.
ياشلىقىڭغا قايتۇراي سېنى،
ياشلارغا خاس يېڭىچە ئىش تۇت.»

بوۋاي ئاڭا قالدى قىزىقىپ،
«گۇناھ قىلماي» دېدى ئېزىقىپ.
دېدى يىگىت: «بولما دېلىغۇل،
يۇم كۆزۈڭنى يەلكەمگە چىقىپ.»

يەلكىسىگە چىقتى - دە، بوۋاي،
«بىسمىللا...» دەپ يۇمدى كۆزىنى.

كۆتۈرۈلدى ئاسمانغا يىگىت
كۆردى بوۋاي كۆكتە ئۆزىنى.

شۇ ھالەتتە ئۇچتى قانچىلىك،
بىلەلمىدى بوۋاي قىلچىلىك.
چۈشتى بىر چاغ جىلغا ئىچىگە،
گۈزەللىكتە جاي يوق مۇنچىلىك.

ئۇسسۇل ئوينار گۈللەر، نوتىلار،
خۇشال سايرار خۇش ئۈن تۇتىلار
فونتان بولۇپ ئۇخچار بىر يەڭ سۇ،
ئېقىمىدىن كۆلگە قۇيۇلار.

«مۇشۇ سۇدىن ئىچ» دېدى يىگىت،
ئىچتى بوۋاي ئۇچۇملاپ ئېلىپ.
نېمە خىسلەت پۈتۈلگەن سۇ بۇ،
ياپىردى تەن لەززەتكە قېنىپ.

دېدى يىگىت: «ئەمدى ئەكسىڭنى،
كۆرگىنە سۇنىڭ سۈزۈك بېتىدىن.»
شۇئان بوۋاي تىكىلىپ سۇغا
ھەيرانلىقى ئاشتى چېكىدىن.

ئون سەككىزگە كىرگەن بىر يىگىت،
تۇرار ئىدى كۆز تىكىپ ئۇندا.

«بۇ مەنمۇ» دەپ شادلىنىپ قەمبەر،
چۈشۈپ كەتتى ئۇسسۇلغا شۇندا.

دېدى يىگىت: «ئەمدى بۇرادەر،
بوۋايلىقىڭ كەتتى كەلمەسكە.
ياشلىقىڭنىڭ باشلىنىشى بۇ،
تولار قەلبىڭ ياشلىق ھەۋەسكە.

ئال بۇ سۇدىن قاپاققا لىقلاپ،
ساقلا ئۇنى، قىلمىغىن زايە.
ياشارتار بۇ، قۇتقۇزار ھەتتا،
ئۆلۈم باشقا سالسىمۇ سايە.

ئابى ھايات دەيدۇ ئېتىنى،
تارقىتار ئۇ جەننەت ھىدىنى.
بولغىنىدەك جەننەت باقىيلىق،
باقىيلىققا ساقلار ئۇ سىنى.»

«خوپ» دەپ قەمبەر خۇشاللىق بىلەن،
قاپىقىغا لىقلاپتۇ سۇنى.
يىگىت يەنە ئېلىپ يەلكىگە،
كەلتۈرۈپتۇ جاڭگالغا ئۇنى.

دەپتۇ يىگىت خوشلىشار چاغدا:
«مەڭگۈلۈك دوست بولدۇق ئەمدى بىز.

دوستۇم! دەپلا پىچىرلاپ قويغىن،
بېشىڭغا كۈن چۈشسە تۇيۇقسىز.»

«خوپ» دەپ قەمبەر چۈشۈپتۇ يولغا،
قاپاق سالغان خۇرجۇننى ئارتىپ.
توختاپ قاپتۇ بىراق كۆپ ئۆتمەي،
دىققىتىنى بىر نالە تارتىپ.

قارىغۇدەك بولسا چاتقالدا،
ياتقان ئىكەن بىر كىيىك ئىڭراپ.
قىسقان ئىكەن پۇتىنى تۇزاق،
شۇ سەۋەبتىن چىككەن ئازاب.

ھېسداشلىقى ئېشىپ ئۇنىڭغا،
قىپتۇ ئازاد تۇزاقتىن شۇئان.
بىراق كىيىك قىمىر قىلماپتۇ،
ۋۇجۇدىدا قالمىغاچ دەرمان.

ئېلىپ دەرھال ئابى ھاياتنى،
ئېغىزىغا قۇيۇپتۇ ئۇنىڭ.
تۇرۇپتۇ دەست ئورنىدىن كىيىك،
قۇدرىتىدىن كۈچ تېپىپ سۇنىڭ.

سىلاپ قەمبەر ئۇنىڭ بېشىنى،
خوشلىشىپتۇ مۇلايىم كۈلۈپ.

ئۇزىتىپتۇ كىيىكمۇ ئۇنى،
خىلمۇخىل بىللە يول يۈرۈپ.

بۇ كۆتۈرگەن ھېكمەت بەھرىدىن،
چەكسىز لەززەت سېزىپتۇ قەمبەر.
ئۆتكەن ھايات بوستانلىرىنى،
ئايخان بىلەن كېزىپتۇ قەمبەر.

ئايخان، ئايخان! بۇ جاپاكەش جان،
گۈزەللىكتە بىر ئىدى ئەسلى.
تالايلارنى قىلغان مۇپتىلا،
ياشلىقىنىڭ شۇ نۆۋەر پەسلى.

قىلغان ئاشۇ پەسلىنى تارتۇق،
ۋەسلى ئۈچۈن قەمبەرنىڭ پەقەت.
ئۆتكەن ئۇلار سۆيۈشۈپ قىزغىن،
سۈرۈپ سۆيگۈ مېھرىدىن لەززەت...

كەلمەس بولۇپ كەتكەن شۇ كۈنلەر،
كېلەر ئەمدى مۆجىزە بولۇپ.
ئابى ھايات كاپالەت ئاڭا،
كېلەر قەمبەر شۇ زوقفا تولۇپ.

تەبەسسۇمى ئېچىپ لەۋدە گۈل،
نۇر ئۇويناپتتى چېھرىدە ئۇنىڭ.

كۆزلىرىدە چاقنايتتى ئەكسى،
بىر ئاجايىپ سېھىرلىك نۇرنىڭ.

جىلۋىسى بۇ ياشلىق كۆركىنىڭ،
ساغلام تەندىن ئوخچۇپ ئۇرغان.
كۈلكىسى بۇ ياشلىق مۇلكىنىڭ،
يۈرەكلەردە جۇش ئۇرۇپ تۇرغان.

ئاشۇ جىلۋە ياشلىق زىننىتى،
ئاشۇ كۈلكە ياشلىق نېمىتى.
بېغىشلار ئۇ دىللارغا ئۈمىد،
ئىنتىلىشنىڭ بولۇپ رىغبىتى.

شۇ رىغبەتتە كېلەتتى قەمبەر،
قىن - قىنىغا پاتماي شوخلىنىپ.
قەددىمىدە كۆرسۈلدىيتتى يەر،
بەدىنىدە كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ.

كېلەتتى ئۇ ئالدىراپ بېسىپ،
كېلەتتى ئۇ تاشقىنىدەك تېشىپ.
كېلەتتى ئۇ ياشلىق پەسلىنى،
مومىيىغا قىلماقچى نېسىپ.

× × ×

كىرىپ كەلدى شەھەرگە قەمبەر،
يېزىسىغا ئۆتەر يولىدا.
ئېمەشكىدۇر تۇۋلار جارچىلار،
تاكىلدايتتى «تاك ـ تاك» قولىدا.

دەيتتى: «چۈشتى شاھ بېشىغا كۈن،
مەلىكىسى سەكراتتا ھازىر.
بېرەر ئۇنى قىلىپ ياخشى توي،
قۇتقۇزۇشقا بولسا كىم قادىر.»

قىزىقتۇردى قەمبەرنى بۇ گەپ،
دېدى: «كېرەك ئەلدىن ئەلگە نەپ.
مەن قۇتقۇزاي، لېكىن شاھ ۋەدە —
بەرسۇن ماڭا قىزنى چاتماي دەپ.»

ئاڭلاپ بۇنى كۈلدى ئالامان،
دەپ: «ساقمۇسەن ياكى ساراڭمۇ؟
گەر ساق بولساڭ چىقمايتتى ھەرگىز،
ئېغىزىڭدىن بۇنداق پاراڭمۇ.»

ئىشەنمەستىن جارچىمۇ ئاڭا،
تۇرۇپ قالدى تىكىلىپ ئۇزاق.
ئاخىر كىرىپ شاھنىڭ ئالدىغا،
بايان قىلدى ئەھۋالنى مۇنداق:

«جۇلدۇر كېپەن بىر ياشنى كۆردۇق،
لېكىن قەددى يولۋاسنى كۆردۇق.

كۆزلىرىدە مەغرۇرلۇق نۇرى،
خورىكى چوڭ، بىباشىنى كۆردۇق.

قۇتقۇزىمەن دەيدۇ خانقىزنى،
لېكىن سىزگە قويدى بىر شەرتنى.
ئەمىرىگە ھېچ ئالماس ئىكەن ئۇ،
سىزنىڭ قىزىڭىز مەلىكە زاتنى.»

ئورنىدىن دەست تۇرۇپ كەتتى شاھ،
ھېس قىلغاندەك بۇ سۆزدىن مازاق.
دېدى: «ئېلىپ كىرگىن ئوردىغا،
قۇرۇق گەپنى سوزماستىن ئۇزاق.»

«خوپ» دېدى ـ دە، جارچى دەرھاللا،
ئېلىپ كىردى ئوردىغا ئۇنى.
تەكرارلىدى شاھ ئاڭا قاراپ،
بايا قىلغان غەزەپ دوقىنى.

دېدى قەمبەر: «دوققا خۇشۇم يوق،
دوق بار يەردە ئەقلى ھوشۇم يوق.
خالىساڭلار داۋالاي قىزنى،
بۇندا ئۇندىن ئۆزگە ئىشىم يوق.»

قىلسىمۇ غەش شاھنىڭ كۆڭلىنى،
بۇ بىباشنىڭ سۆزلىرى بۇدەم.

باشلىماقتىن قىزنىڭ ئۆيىدە،
ئۆزگە ئامال يوق ئىدى شۇدەم.

قىز ئۆيىگە باشلىدى ئاخىر،
قىز ياتاتتى بىتاب، بىماغدىر.
ئۆچكەن رەڭگى، يۇمۇلغان كۆزى،
تىترەر تېنى سەكراتتا دىر ـ دىر.

كۆرۈپ قىزنى بۇ ھالدا قەمبەر،
دېدى: «قاپتۇ يېقىنلاپ خەتەر.
ئەڭ ياخشىسى قالاي يېگانە،
يەتكۈزۈشكە تېزرەك خوش خەۋەر.»

ئىلىك ئېلىپ تېۋىپ سۆزىنى،
شاھ يان ئۆيگە ئالدى ئۆزىنى.
شۇئان ھايات بەخش سىرلىق سۇ،
ئېچىۋەتتى قىزنىڭ كۆزىنى.

گويا سەھەر ۋاقتى گۇگۇمدا،
پارلىغاندەك بولدى جوپ چولپان.
نە چولپان ئۇ، ئىشىق ئەھلىنىڭ،
ۋۇجۇدىغا يېقىلغان گۈلخان.

لەۋلەر چاقناپ لەئلى ياقۇتتەك،
قىلدى شەپەق رەڭگىنى ئايان.

نە شەپەق ئۇ، ئىشىق ئەھلىگە،
قىلار سۆيگۈ مەيىنى ئىنئام.

تۇردى خانقىز، چاچلار دولقۇنى —
بۇلۇت بولۇپ يېيىلدى تەنگە.
نە بۇلۇت ئۇ، ھەر بىر ھالقىسى،
چاتار دىلنى دىلغا شۇ دەمدە.

تۇردى خانقىز—تۇردى بىر قۇياش،
نە قۇياش ئۇ، سۆيگۈ ئىلاھى.
يارالغان ئۇ كۆيدۈرمەك ئۈچۈن،
كۆيدۈرىدۇ ئوتلۇق نىگاھى.

قەمبەر ئاغا بېرەلمەي چىداش،
ياندى دەرھال ئارقىغا قاراپ.
قىز شۇ ھامان بېلىقتەك شۇڭغۇپ،
ئالدى ئۇنىڭ يولىنى توراپ.

دېدى: «مېنىڭ قۇتقۇزغۇچۇم سىز،
نىجاتلىق يول تۇتقۇزغۇچۇم سىز.
ئېچىلدۇرۇپ ياشلىق گۈلۈمنى،
سۆيگۈ مەيىن يۇتقۇزغۇچۇم سىز.

ئۆتتى نۆۋەر چېغىم تۆشەكتە،
تاپالمىغان ھېچ ھەكىم شىپا.

شىپا تاپقان قولغا مەيلىمنى،
بەرمەكلىكنى قىلغانمەن جاكا.

سىز تاپىتىڭىز شىپا ئەي ئاكا،
بولماق ئەھدىم سىز ئۈچۈن چاكا.
قوبۇل ئەيلەڭ سۆيگۈ گۈلۈمنى،
قىلمىغىمىغا سىز ئۈچۈن ئاتا.»

دېدى قەمبەر: «ۋەدىگە ۋاپا —
قىلماق كېرەك، سالماڭ سىز جاپا.
چاتماسلىقىقا شاھ سىزنى ماڭا،
قىلدى ۋەدە، بولماڭ سىز خاپا.»

چۈنكى مېنىڭ ھالال جۈپتىم بار،
ئۈندىن ئۆزۈپ بولماس رىشتىم بار.
بوران - چاپقۇن ئۆچۈرەلمەيدىغان،
ئاتمىش يىللىق مېھرى - ئىشقىم بار.»

«ئاتمىش يىللىق؟» دېدى - دە، خانقىز،
كۈلۈپ كەتتى قاتتىق تېلىقىپ.
لال بولغان شاھ كىردى بۇ ئۆيگە،
قانداقتۇر بىر غەيرىيلىك سېزىپ.

كۆردىكى شاھ، كۈلمەكتە خانقىز،
كۈلمەكتە ئۆي كۈلكە ئەكسىدىن.

يانار لەئىل كەبى ئۈزارى،
گۈل ئېچىلار غۇنچە بەستىدىن.

بىلدىكى شاھ، بار بۇ كۆلكىدە،
چەكسىز شادلىق نامايەندىسى.
بار ھاياتقا چەكسىز ئىشتىياق،
ئاشىق بۇلبۇل كۈيى خەندىسى.

كۆلدى شاھمۇ شادلىق ئىلكىدە،
قۇچتى قىزنى قۇۋناق كۆلكىدە.
سولغان گۈلى ياشاردى دېمەك،
يايرايدىغان شاھلىق مۈلكىدە.

كۆلەتتى قىز كۆلەتتى تىنماي،
«ئاتمىش يىل ...»نى تىلىغا ئېلىپ.
دەيتتى: ‹ئاتمىش يىللىق ...› نېمە گەپ؟
چاقچاق قىلماق مېنى گول بىلىپ.»

سۆرۈشتۈرۈپ قىز سۆزىنى شاھ،
چۆكۈپ قالدى چوڭقۇر خىيالغا.
پەملىگەندەك قانداقتۇر سىرنى،
چاۋاك ئۇردى يۈزلىنىپ زالغا.

شۇئان كىرىپ ھۇجرىغا جارچى،
شاھ ئالدىدا تەزىمدە تۇردى.

شاھ: «تېۋىپنى ھاممامغا سېلىپ،
كىيىندۈرۈپ كەل» دەپ بۇيرۇدى.

ئۇلار كېتىپ، دېدى شاھ قىزغا:
«ساقايغىنىڭ بولدى ئالەم ئىش.
تۇيۇلماقتا لېكىن بۇ ئىشلار،
بولۇپ گويا سېھىرلىك بىر چۈش.

ئورالسىمۇ جۇل - جۇل كىيىمگە،
شاھزادىدەك تۇرقى بار ئۇنىڭ.
گەپنى قىلار مەغرۇر، مەردانە،
بەگزادىدەك خۇلقى بار ئۇنىڭ.

گەرچە تېۋىپ ئاتالسىمۇ ئۇ،
قىلغان ئىشى خىزىردەك ئۇلۇغ.
قولى تېگەر - تەگمەس پۈرسەتتە،
ساقايتتى ئۇ سېنى ھەم تولۇق.

ئويلىسام مۇ يەتمەيدۇ ئەقلىم،
ئۇنىڭ ئەسلى تېگى - تەكتىگە.
قىلدى يەنە كۆيەۋلىكنى رەت،
قىزىقماستىن شاھلىق تەختىگە.

سوراپ كۆرگىن شۇڭا سەن قىزىم،
نېمە خىسلەت پۈتۈلگەن ئاڭا.

يوق ئۇنىڭغا چىقماقلىق ۋۇددىن،
بولماي ئايان سىرلىرى ماڭا.»

× × ×

ئاشۇ كېچە ھۇجرىسىدا قىز،
كۈتۈپ ئالدى قەمبەرنى يالغۇز.
نازلىق كۈلۈپ، قىزغىن مەي تۇتۇپ،
ئالدى ئۇنىڭ ئېغىزىدىن سۆز،

قەمبەر ئېيتىپ كەچۈرمىشىنى،
بەردى سۆزلەپ بولغان بار ئىشنى.
دېدى: «ھامان ئەلا بىلىمەن،
مۇھەببەتكە ۋاپا قىلىشنى.

سىر دېسەڭىز — شۇ مېنىڭ سىردىم،
پىر دېسەڭىز — شاھزادە پىرىم.
شۇ ئېتىقاد، شۇ مۇھەببەتتە،
تاج - تـەختكە چۈشمەس كۆز قىرىم.

رۇخسەت قىلىڭ بۇندىن كېتەي مەن،
مۇرادىمغا تېزرەك يېتەي مەن.
ئاتىمىش يىللىق ۋاپادارىمىنىڭ،
قۇچىقىدا ياير اپ كۈلەي مەن.»

«خوپ» دېدى ـ دە، مەلىكە ئاگا،
مەي كەلتۈردى ئۈستى ـ ئۈستىلەپ.
ئۇنىڭ شېردىن كەيپىدىن قەمبەر،
قالدى ئاشۇ ھۇجرىدا تۈنەپ.

بەلكىم ئاشۇ كەيىپ ئىلكىدە،
ئالغاندۇ ئۇ بەھۇزۇر ئارام.
بەلكىم چۈشەپ قەدىناسىنى،
تەشنالىقتا قۇچقاندۇ خۇررام.

كىرپىك قاقماي مەلىكە بىراق،
ئاگا قاراپ ئولتۇردى ئۇزاق.
ياندى تۈتەپ كۆندەشلىك ئوتى،
گويا ئۇنى ئۆرتىدى دوزاخ.

كىردى ئاخىر شاھنىڭ يېنىغا،
قىلدى بايان ھەممىنى بىر ـ بىر.
دېدى: «رەشك ئوتى ئىلكىدە،
ۋۇجۇدۇمدا قالمىدى تەخىر.

قورقمەن بۇ پېشكەللىك مېنى،
يەنە دەردكە سالمىغىدى، دەپ.
ماھۇق ياستۇق، مەشۇت تۆشەكلەر،
تەپتىم بىلەن يانمىغىدى، دەپ.»

شاھ ئىشىتىپ قىزنىڭ سۆزىنى،
خىيال سۈرۈپ يۇمدى كۆزىنى.
دېدى: «ئەمدى ياشالمايدۇ ئۇ،
بېغىشلىماي ساڭا ئۆزىنى.

چۈنكى شۇنداق قىلىشى ئۈچۈن،
مەجبۇر بولدۇم تاپماققا ئامال.
ئاخىر يولۋاس پاتماس ئورمانغا،
قىلىنماستىن قەپەزگە قامال.

نەتىجىسى بۇ ئىشنىڭ قىزىم،
قىلار سېنى ئەتىلا خۇشال.
ئەمدى مېنى قالدۇرۇپ يالغۇز،
كىر ھۇجراڭغا، ئۇخلا بىمالال.»

ھۇجرىسىغا كىردىشىگە قىز،
چاقىرتتى شاھ لەشكەر بېشىنى.
قۇلىقىغا پىچىرلاپ ئۇزاق،
پىشىلدۇردى قىلار ئىشىنى.

× × ×

تاڭ بىلەن تەڭ ئويغىنىپ قەمبەر،
باقتى ھەريان چۆچۈش ئارىلاش.
ئۇخلار ئىدى يېنىدا خانقىز،
بىلىكىگە قويغىنىچە باش.

سۆيگۈ تىلەپ ئۇتلۇق لەۋلىرى،
ئاڭا قاراپ سوزۇلغان ئىدى.
ئۇيالغاندەك سۆيگۈسىدىن ھەم،
كۆزى نازلىق يۇمۇلغان ئىدى.

گۈلدەك بەدەن،ھارارەتلىك تەن،
قىلدى مەستخۇش ئۇنى بۆلەكتىن.
تۇتالىسۇن كىممۇ ئۆزىنى،
تاشسا سۆيگۈ ھېسسى يۈرەكتىن.

مامۇق تەنگە ئۇزاتتى - دە، قول
چۆچۈپ كەتتى تۇتقان كەبى ئوت.
كەلگەن ئىدى چۈنكى ئېسىگە،
ئاتىمىش يىللىق جۈپتى ئۇشتۇمتۇت.

شۇنداق ھالال مەھبۇبى تۇرۇپ،
نېچۈن بۇندا قالدى ئۇ قونۇپ؟
دېدى: «ياشلىق كەينىگە كىرىپ،
قاپتۇ مەيدىن ئەقلىم بۇلغىنىپ.

ياشلىق، ياشلىق! شۇنداق يامانمۇ،
سالىدىغان كۈندە ھەر كويغا.
ئاڭا يۈگەن سالماقنى نېچۈن،
پۈكمىدىمەن باشتىلا ئويغا».

ئەيىبلەپ ئۇ ئۆزى ئۆزىنى،
كەتمەك ئۈچۈن تۇردى ئورنىدىن.

مەلىكىمۇ ئويغىنىپ شۇندا،
تۇتۇپ ئالدى ئۇنى قولىدىن.

دېدى: «سۆيگۈ ئوخشىمايدىكەن،
ئالەمدىكى ھېچلا نەرسىگە.
ئېرىششىمۇ تەسكەن، گەر كۆڭۈل،
چېتىلمىسا بىرسى بىرسىگە.

شۇنچە قىلدىم ئېرىشەلمىدىم،
ھەيرانلىقىم ئەقلىمنى ئالدى.
ئاڭا تەشنا ئىزگۈ لەۋلىرىم،
بىر سۆيۈشكە زار بولۇپ قالدى.

ئەگەر سېتىپ ئالغىلى بولسا،
خەجلەر ئىدىم ئاڭا دۇنيانى.
ئەگەر تىلەپ ئالغىلى بولسا،
كىيەر ئىدىم چەندە – كۆلانى.

ئەگەر تارتىپ ئالغىلى بولسا،
لەشكەر باشلاپ چىقاتتىم يولغا.
بىكار ئىكەن لېكىن ھەممىسى،
خۇدا ئۆزى سالمىسا دىلغا.»

دېدى قەمبەر: «ئوخشىمايدىكەن،
خەيرخاھلىق، ھېسداشلىقىمۇ.

ھېچنەرسىنى ئايىمايدىغان،
دوستانىلىك يولداشلىقىمۇ.

چېتىلسا ئۇ قايسى يۈرەككە،
باقمايدىكەن ئۇندىن بۆلەككە.
شۇندا ئىكەن ئۇنىڭ قىممىتى،
ئايلىنار ئۇ ئۇسىز پۇچەككە.

ئەيىبلىمەك شۇڭا مەلىكەم،
بىر سۆيۈشكە زار قىلدىڭىز، دەپ.
بەخت ئىچىدە تەختتە ئۆسكەن،
بۇ كۆڭۈلنى خار قىلدىڭىز، دەپ.»

دېدى خانقىز: «بولدى گەپ تامام،
ئالسۇن بەڭباش كۆڭۈلمۇ ئارام.
قۇچسۇن سىزنى قەدىناسىڭىز،
يولىڭىزنى ئەتكۈزۈك داۋام.»

«خوش» دېدى ـ دە، خوشلىشىپ قەمبەر،
خۇرجۇنىنى ئۆشنىگە ئارتتى.
كۆزلىرىگە ياش ئالدى خانقىز،
چىشى نازۇك لەۋىگە پاتتى...

× × ×

ئۇزاتتى ـ دە، قەمبەرنى خانقىز،
كىرىپ كەلدى شاھنىڭ ئالدىغا.
چۈنكى شاھنىڭ تۈندىكى سۆزى،
كەلگەن ئىدى ئۇنىڭ يادىغا.

دېدى: «ئاتا، بەردىم ئىجازەت،
كەتتى قەمبەر يولىغا قاراپ.
ياشالماسكەن قەدىناسىمىز،
بېلىق سۇسىز بولغاندەك خاراب.

يەتسۇن ئۇلار مۇراد ـ مەقسەتكە،
توسمايلى گۇناھكار بولۇپ.
سۆيگۈ ئۇلۇغ، سۆيگۈ مۇقەددەس،
قۇتلايلى بىز ئۇنى باش قويۇپ.»

قاھ ـ قاھ ئېتىپ كۈلۈپ كەتتى شاھ،
كۆزلىرىگە تىكىلىپ قىزنىڭ.
«ئۇلۇغلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى بىز،
مۇقەددەستۇر تەختىمىز بىزنىڭ.

توغرا كەلسە ئەگەر باش قويۇش،
باش قويىمىز خۇداغا پەقەت.
ئۇندىن ئۆزگە بارلىقى بىزگە،
باش قويمىقى لازىم تا ئەبەت.

باش قويۇشقا ئۇندەپ ئۆزگىگە،
بۇلغىمىغىن نامۇ ئاتىڭنى.

ئۇلۇغ شاھنىڭ مەغرۇر قىزى سەن،
ئۇنۇتمىغىن ئەسلى زاتىڭنى.

تېۋىپ ساڭا تاپسىمۇ شىپا،
بۇنى ئۇنىڭ خىزمىتى دەپ بىل.
بۇنىڭسىز ئۇ «تېۋىپ» ئاتالماس،
«تېۋىپ» ئىكەن ئەملەر بىجاندىل.

شۇندىمۇ بىز ۋەدىگە ۋاپا،
ئەيلىمەكنى قىلىشتۇق جاكا.
كۆيەۋلىكتىن باش تارتىپ لېكىن،
زىتىمىزغا تەگدى ئۇ چاكا.

شاھ پەرمانى گويا ئاتقان ئوق،
ئوق كەينىگە ھەرگىز يانغان يوق.
شاھمۇ ئەمەل قىلىپ سۆزىگە،
ۋەدىسىدىن ھەرگىز يانغان يوق.

تۇر كېچىكى سۆزۈڭدە سەنمۇ،
شۇ بويىچە ئىشلىدىم مەنمۇ.
يول يوق ئاڭا باش قويماي ساڭا،
ئۇچرىشالماس جۆپتى بىلەنمۇ.»

چېقىلغاندەك گويا كى چاقماق،
چۆچۈپ كەتتى بۇ سۆزدىن خانقىز.

دېمەك ئايخان بولۇپتۇ ھالاك،
قويۇپ دەردكە قەمبەرنى شەكسىز.

پاتتى چىشى لېۋىگە يانا،
كۆزلىرىدىن تامچىلىدى ياش.
دېدى: «ئۇنى ئۆلتۈردى رەشىك،
ئاھىم ئوتى قىلار بۇنى پاش.

سۆيگۈ نېمە؟ تا شۇ كەمگىچە،
بىلمىگەنمەن سەۋەبچى ئاڭا.
بىلگەن بولسام نېمە قويۇپتۇ،
تىكەن بولۇپ ئۇنمەكنى ماڭا.

تىكەن بولدۇم، كۈشەندە بولدۇم،
ئاخىر بېرىپ دۈشمەنمۇ بولدۇم.
دۈشمەن نېمە بىلىپ ۋە بىلمەي،
قولى قانلىق شۇمپەنمۇ بولدۇم.

باراي قەمبەر يېنىغا ھازىر،
ھازىردار بوپ يېشىمنى تۆكەي.
گۇناھىمنى ئېلىپ بويۇنۇمغا،
تىلەپ جازا تىزىمنى پۈكەي.»

ئاتلاندى ـ دە، مەلىكە شۇئان،
چاپتى قاراپ سەھراغا ئۇدۇل.

چاپتى ئۇنىڭ كېنىزەكلىرىمۇ،
چاڭ توزۇتتى نەچچە ئون دۇلدۇل.

× × ×

دەر ھەقىقەت ئايخاننى قەمبەر،
كۆرەلمىدى ئۆيىدە شۇ كۈن.
تاپالمىدى ئاختۇرۇپ ھەر يان،
كەتتى نەگە؟ كەتتى نە ئۈچۈن؟

سۈرۈشتۈرمەك بولدى ۋە لېكىن،
كۆرۈنمىدى خەقمۇ تالادا.
نېمە ھالەت، نېمە قىسمەت بۇ؟
نېمە بولغان بۇ چەت سەھرادا؟

كىردى ئاخىر بىر ئۆيگە ئۈسۈپ،
بىلمەك بولۇپ ئىشنىڭ نەكتىنى.
ياتار بۇندا ھالسىز ئۈچ - تۆت جان،
بىلىپ - بىلمەي ھوشى - ئەقلىنى.

سوئالىغا مىڭ تەستە بىرى،
جاۋاب بەردى: «بۇنددىن كەتكىن» دەپ.
يۇقتى چۈنكى يېزىغا ۋابا،
قۇرۇتماقتا ئەلنى توپ - توپ يەپ.

يۈرىكىگە سانجىلدى بۇ سۆز،
بولۇپ گويا دەھشەت خەنجىرى.

ئايلاندى باش، كېسىلدى دېمى،
كانىيىنى سىققاندەك بىرى.

نالە قىلدى ئاجىز ئىڭراپ،
«نېمە قىلدۇق خۇداغا بىز» دەپ.
ئاتتى سىرتقا ئۆزىنى ئوقتەك،
بىرەر چارە تاپماققا ئىزدەپ.

ئابى هايات ئەسقاتتى يەنە،
قۇتقۇزماققا ئەلنى ئاپەتتىن.
ئۇندىن تامچە يۇتقان هەر ئادەم،
بولدى خالاس خەتەر - دەهشەتتىن.

قاپىقىنى كۆتۈرگەنچە ئۇ،
چىقتى بارچە ئۆينى ئايلىنىپ.
تېپىپ هايات باشقىدىن هەممە،
كەتتى يېزا بەكمۇ جانلىنىپ.

تەبرىكلەشتى بىرى - بىرىنى،
قالغىنىغا ئاپەتتىن ئامان.
ياشانغانلار ياشىرىپ قايتا،
تاپقىنىغا يېڭى كۈچ - دەرمان.

دىلدا ئويناپ شادلىق ئېقىنى،
لەۋلەر ئاچتى كۈلكىدىن چېچەك.

ئەرلەر كۈيلەپ، قىزلار ئۇسسۇلغا —
چۈشتى خۇشخۇي يەلپۈنۈپ ئېتەك.

پەقەت قەمبەر خىيالغا پېتىپ،
ئولتۇراتتى شادلىقتىن يىراق.
كۆيدۈرەتتى قەلبىنى ئۇنىڭ،
جۇدالىقنىڭ يالقۇنى — پىراق.

بارمۇ ھايات قەددىناس جۈپتى،
قايسى شامال ئۇچاردى ئۇنى؟
نېمە ئۈچۈن يوقالدى ئىزسىز،
نېچۈن بىلمەس ھېچ كىشى بۇنى؟

ئەمدى نېمە قىلغۇلۇق ئاگا،
كەتسۇنمۇ بۇ يۇرتتىن باش ئېلىپ؟
قايسى ئورمان، قايسى بىر چۆلدىن،
ئىزدىسۇن ئۇ كۆزگە ياش ئېلىپ؟

ئاتمىش يىللىق مۇھەببىتىنى،
بېرىپ ئەمدى كىمگە خار قىلسۇن؟
ھەسرىتىنى ئېيتىپ كىملەرگە،
كىملەرنىمۇ سىرداش يار قىلسۇن؟

ياشانغاندا ياشارغان بىرسى،
كەلدى ئۇنىڭ يېنىغا شۇ دەم.

دېدى: «بەرگىن تەقدىردىگە تەن،
ھەسرەتلىنىپ چەكمە ئارتۇق غەم.

ئەلگە ئاپەت بولغان بۇ ۋابا،
ئېپ كەتكىنى ئېنىق كۆپ جاننى.
ھەممىسىنى قويدۇق يەرلەككە،
ساقلىسۇن دەپ خۇدا قالغاننى.

شۇ قاتاردا كەتمىسە ئايخان،
بولار ئىدى بۇ سورۇندا جەم.
قىلغىن دۇئا، تىلە جەننەتنى،
قورۇنمىسۇن روھى چەكمە غەم.»

بۇ سۆز بىلەن تۆكۈپ سەلدەك ياش،
باردى چېپىپ تۇپراق بېشىغا.
قۇچتى بارلىق يېڭى تۇپراقنى،
تۇپراقلار ھۆل بولدى يېشىغا.

كەلدى شۇ چاغ مەلىكە يېتىپ،
كېنىزەكلىرى بىلەن ئات چېپىپ.
«كېچىكتىم مەن...» دېدى - دە، قەمبەر،
قالدى بىردىن ھوشىدىن كېتىپ.

× × ×

قەمبەر تەستە ئېچىپ كۆزىنى،
كۆردى يات بىر ئۆيدە ئۆزىنى.
تۇرار ئىدى بېشىدا خانقىز،
مۆلدۈرلىتىپ تىكىپ كۆزىنى.

كۆز ئېچىشى بىلەن قەمبەرنىڭ،
كەتتى چاقناپ بۇ كۆزلەر شۇنچە.
ئاپتاپ مىسال كۈلۈپ گۈل ئۇزار،
لەۋ غۇنچىسى كۆرسەتتى ئۇنچە.

دېدى خانقىز سوراپ ھال - ئەھۋال:
«تىكلەك چىدام، غەيرەت سىز ئاۋۋال.
جاھان ئۇزۇن، كۆپ ھەم مۈشكۈلى،
باھارنىڭمۇ ھەمراھدۇر دوقال.

لېكىن ئۆتۈپ كېتەر ھەممىسى،
ئۆتۈۋاتقان ۋاقىتتەك خۇددى.
ساغلاملىق ھەم ئۈمىدۋارلىق-لا،
بۇندا بىزگە قېپ قالسا بولدى.

مەيلى خالاڭ، مەيلى خالىماڭ،
ئىلتىجايىم شۇ مېنىڭ پەقەت.
بۇيان ئېلىپ كەلمىكىم سىزنى،
شۇ ۋەجىدىن قىلمىقىم خىزمەت».

بۇ سۆز تەسكىن بېرىپ قەلبىگە،
بولدى دەرمان مۇدھىش دەردىگە.
دېدى: «دېمەي قازاغا رىزا،
نېمە ئامال دەيسىز بەندىگە.

شۇنداق ئىكەن تەقدىرىم ئەسلى،
پۈتۈلۈپسىز پېشانەمگە سىز.
پاتماي ئارتۇق گۇناھ چېڭىمغا،
توي قىلايلى ئەمدى ئىككىمىز.»

ئەسلى شۇنى كۈتسىمۇ خانقىز،
قالدى چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ.
قىلدى چۈنكى ئۇنى بىئارام،
شاھنىڭ سۆزى يادىغا يېتىپ.

ئۆلۈمىگە شۇڭا ئايخاننىڭ،
دەر گۇماندا بولماقتىدى ئۇ.
«ۋابا»مىدۇ ئۇنىڭ قاتىلى،
ياكى شاھنىڭ قولى بارمىدۇ؟

ئالدىرايسىز بىلمەككە بەلكىم،
شۇ توغرۇلۇق سىزمۇ كىتابخان.
بولغان ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى،
قىلىپ ئۆتەي قىسقىلا بايان.

× × ×

كەتكىنىدە ئۇتۇنغا بوۋاي،
كۆتتى ئۇنى زارىـقىپ موماي.
ۋۇجۇدىنى باستى ئەنسىزلىك،
ئۇزارغانچە ۋاقىت توختىماي.

خىرەلەشتى ئەقلى ئاخىرى،
سىقتى دېمى دەككە - دۈككىدە.
كېچە ئىدى، هويلىغا بىرسى،
سەكرىگەندەك بولدى گۈپپىدە.

تۇرغىنچىلىك موماي ئورنىدىن،
بىر قارا قول سىقتى گېلىنى.
ماگدى ئېلىپ ئاتنىڭ ئالدىغا،
قارچىغىدەك پۈكلەپ بېلىنى.

نېمە ئىش بۇ، نېمە قىسمەت بۇ؟
يېتەلمىدى موماي تەكتىگە.
گۇناھىمـۇ يوققۇ بۇنچىلىك،
ئۇچرىغۇدەك دۈشمەن قەستىگە.

مىدىراپمۇ مىدىرالمىدى،
توۋلاپ باقتى، چىقمىدى ئۈنى.
ئاشۇ هالدا ئۇ كۆڭلى قارا،
كەتتى تاشلاپ بىر چۆلگە ئۈنى.

تاڭ سۈزۈلدى، ئۆرلىدى قۇياش،
يۇلغۇنلۇق چۆل قىزاردى تۇتاش.

ئىڭرار موماي سۇنغان بىلىنىڭ،
ئاغرىقىغا بىرەلمەي چىداش.

كېلىپ قالدى شۇ چاغ بىر كىيىك،
تۇردى قاراپ مومايغا ئۇزاق.
كەلدى بەلكىم ئىپسىگە ئۇنىڭ،
قىسقانلىقى پۇتىنى تۇزاق.

كېلىپ قېلىپ شۇ چاغ بىر يىگىت،
قىلغان ئازاد تۇزاقتىن ئۇنى.
ھەم ئىچكۈزگەن قاپىقىدىكى —
بىر ئاجايىپ شىپالىق سۇنى.

ئاشۇ سۇنىڭ شىرىن لەززىتى،
ھازىرغىچە تىلىدا ئۇنىڭ.
جېنىغا جان قوشقان شۇ يىگىت،
ھازىرغىچە دىلىدا ئۇنىڭ.

قىلالمىسىمۇ يىگىتكە خىزمەت،
ياخشىلىققا ياخشىلىق كېرەك.
شۇ ۋەجىدىن ئەشنا مومايغا،
ئۆز سۈتىنى بولدى ئىچكۈزمەك.

ئەمچىكىنى تۇغرىلىدى ئۇ،
ئېغىزىغا مومايىنىڭ شۇئان.

ئابى ھايات بەھرى بار سۈتتىن،
تاپتى ئايغان ۋۇجۇدىغا جان.

ئۇرغۇپ قېنى تومۇر - تومۇردا،
بولدى كۆچى تولۇپ تاشقانىدەك.
روشەنلەشتى خۇنۇك كۆزلىرى،
تاڭدا چولپان نۇرلار چاچقانىدەك.

تۆرەلگەنىدەك قايتا دۇنياغا،
ھەر يان خۇشال باققۇسى كەلدى.
قۇشتەك يەڭگىل سېزىپ ئۆزىنى،
كۆكتە قانات قاققۇسى كەلدى.

«ئاھ نېمە ئىش! — پىچىرلىدى ئۇ،
بۇ كىيىكتە نېمە خىسلەت بار؟
ئوڭۇممۇ بۇ، ياكى چۈشۈممۇ،
تەقدىرىمدە نېمە خىسلەت بار؟»

ئويناپ شامال چېچىنى شۇئان،
قىلدى ئۇنى تېخىمۇ ھەيران.
يەلپۈنەتتى قاپقارا چاچلار،
ياشلىقىنى قىلىپ نامايان.

بىلدىكى ئۇ، ئايلانغان شۇ تاپ،
قۇرامىغا تولغان بىر قىزغا.

باشقا كەلمەي ئىشەنمەس ھېچكىم،
ئالسىمۇ گەر بىر كىم ئېغىزغا.

سېلىپ دىلىنى لەرزىگە بۇ ھال،
تۇردى سەكرەپ ئورنىدىن خۇشال.
ئېيتماققا بۇ ھاياجىنىنى،
بوۋدىيىنى ئەسلىدى دەرھال.

بولسا ئۇمۇ موماي بىلەن تەڭ،
ياشلىقىغا قايتاتتى ئەلبەت.
نەدىدۇ ئۇ ساقىمىدۇ تېنى؟
بولمىغاندۇ بىرەر پالاكەت؟

ئويلىغانچە ئېشىپ تەشۋىشى،
باستى تىترەك پۈتۈن تېنىنى.
كىيىك بىلەن خوشلىشىپ شۇئان،
ئىزدىمەككە ماڭدى ئېرىنى.

× × ×

كېچە،
ھەيۋەت ئوردا زالىدا،
بولماقتىدى توي مەرىكىسى.
قەمبەر بىلەن قوشۇلغانىدى،
قىلىپ چوڭ توي شاھ مەلىكىسى.

نۇر چاچاتتى رەڭمۇرەڭ گۈلدەك،
ھەيۋەت ئاسما شامدانىدا شاملار.

كۆز چاقاتتى زەرۇ ئالماستەك،
جوزىلارغا تىزىلغان جاملار.

ئەرلەر كىيگەن شاھانە لىباس،
قىز ـ چوكانلار ياسانغان توزدەك.
چېھرىلەردە شادلىق جۇلاسى،
شەھلا كۆزلەر چاقنار يۇلتۇزدەك.

زال تۆردە، ـــ ئالتۇن تەختتە،
ئولتۇرار شاھ سۇرلۇك كىيدىپ.
مۇلازىملار چېپىشار ھەر يان،
جوزىلارنى تۈزەپ، بېزىشىپ.

تاۋاق ـ تاۋاق مېۋە ـ چېۋىلەر،
كەلتۈرۈلدى كەينى ـ كەينىدىن.
رەڭ تالىشار گىلاس، ئالمىلار،
خېنىملارنىڭ لېۋى، مەڭزىدىن.

كىشمىشلەرنى ئوخشىتار بولساڭ،
قىزلار ئاسقان قات ـ قات ئۈنچىگە.
ئوخشىتارسەن قىزىل سايۋىنى،
قۇلىقىغا قىسقان غۇنچىگە.

ئاڭا ياندىش قويۇلدى قاتار،
كوزا ـ كوزا مەيـۇ مۇسەللەس.
ھەر بىرىگە باغلانغان شەلپەر،
قوزغاپ دىلدا ئىشتىياق ـ ھەۋەس.

خۇش ھىدىنى ھىدلاپ باتۇرلار،
چېكىپ قويىدى تاڭلايلىرىنى.
خۇش كەيپىدىن ھېلىلا ئۇلار،
ئەيلەيدۇ گۇل ماڭلايلىرىنى.

كەلدى مانا كاۋاپلار بىرلەپ،
تۇرلىرىنى سانىماق مۇشكۇل.
بىرى كەكلىك، بىرى بۆدۈنە،
بىرى ئۇلار، بىرى قىرغاۋۇل..

بىسىپ چۇشتى بىراق ھەممىنى،
پۈتۈن پىشقان قوشقار كاۋىپى.
ئۇ خالتەكتە كېلەر تىرىكتەك،
قىزىلگۇلنى چىڭ قىسىپ لېۋى.

تۇرۇشتى - دە، ھەممە دۇردىدە،
چالدى چاۋاك ئۇنىڭغا قاراپ.
شاھ تولىغا ئالدى جامىنى،
تۇرغاندەكلا دەل شۇنى ساقلاپ.

دېدى: «شادلىق شادلىققا ھەمدا،
كۆلسۇن دىلار قالمىسۇن داغدا.
كۆلسۇن قىزىم، كۆلسۇن كۆيەۋىم،
كۆلسۇن تەلەي - بەختى ھەر چاغدا.

خىزىر ئاتا ئۆمرى يار بولسۇن،
زەر، ياقۇتتەك مەڭگۈ پار بولسۇن.
شۇە قەدىر كىچىسى ئوخشاش،
ئالسا تۇپراق كۈمۈش، زەر بولسۇن.

كۆتۈرەيلى ئاشۇ تىلەكتە،
جام تېگىدە قالمىسۇن تامچە.
شادلىنايلى، ئوينايلى ئۇسسۇل،
تۇن ئۆرۈلۈپ، تا تاڭ ئاتقۇچە.»

كىردى تىلغا غىچەك، داپ، راۋاب،
تەمبۇر، دۇتار، قالۇن خۇش سايراپ.
ئۇسسۇلچىلار چۈشتى ئۇسسۇلغا،
ساز پەيزىدىن جان - تېنى ياير اپ.

ئىككى ياشنى قۇتلاپ بەس - بەستە،
ئىچتى ھەممە خۇشال ھەۋەستە.
تەبەسسۇمدا چاقنار ئىككى لەۋ،
بىرى گىلاس، بىرى جىنەستە.

شۇ شادلىقتا سەزمىدى ھېچكىم،
ئارىلىقتا بولغان بىر دۈشمنى.
قىلماق ئۈچۈن شاھنى خەۋەردار،
ۋەزىر ئاگا ئەگدى بېشىنى:

« جۇلدۇر كىپەن بىر قىزنى كۆردۇق،
كۆزى خۇمار يۇلتۇزنى كۆردۇق.
ئاي مىسالى چىرايى ئۇنىڭ،
چېچى قارا قۇندۇزنى كۆردۇق.

«ئېيتاي مەيلى بولسىمۇ گۇناھ،
بىلىپ قويسۇن دەر ئۇ، — شاھىنشاھ.
ئاتىمىش يىللىق ئېرىدىمدۇر قەمبەر،
كەلمەس راۋا بۇ توي، بۇ نىكاھ.»

شاھ بۇ سۆزدىن تاتاردى تامدەك،
بىر جۇپ كۆزى چەكچەيدى جامدەك.
دېدى: «تاشلاڭ دەرھال زىندانغا،
ئېقىپ پۇتسۇن ئۆمرىمۇ شامدەك.»

پەرماندارى بولۇپ پەرمانىنىڭ،
چىقىپ كەتتى ۋەزىر شۇ ھامان.
بىراق كۆڭلى تىنمىدى شاھىنىڭ،
كۆز ئالدىدا قارايدى جاھان.

× × ×

شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ تاڭ بىلەن،
ئالدى ئەسكە كېچىكى ئىشنى.
نە ئىش، دىلغا سېلىپ غۇلغۇلا،
ئارامنى بۇزغان تەشۋىشنى.

شۇ تۆپەيلى تاكى تاڭغىچە،
ئۆيقۇسىدا بولمىدى مەززە.
سېزىلەتتى ياستۇقى تاشتەك،
ئۆرىلەتتى ھەر يان ھەر لەھزە.

تاشلانغاندەك ئۇرۇلۇپ قاتتىق،
سىقىراپتتى بەدەن - بەدىنى.
پىرقىراپتتى بېشى مەستخۇشتەك،
تارتىشاتتى ئارتقا گەدىنى.

يەنە تەشۋىش سېلىپ خىيالغا،
ئارامىنى بۇزاتتى تىنماي.
دەيتتى: «چۆلگە تاشلانمىغانمۇ،
ئۇنىڭ ئەسلى ئايالى — موماي.

ئەمدى ئۇنىڭ قىز بوپ كېلىشى،
بېرەر نېمە سېھىردىن دېرەك؟
راست شۇنداقمۇ، يا بىر ساراڭمۇ؟
بۇنى جەزمەن بىلمىكىم كېرەك.»

«كەلتۈرۈلسۇن» دېدى، — دەرھال قىز،
كەلتۈرۈلدى قىزمۇ شۇنچە تېز.
شاھ ئۆزىنى تۇتتى ئارانلا،
كۆرۈپ ئۇنى پۈكمەكلىكتىن تىز.

ئاھ، ھۆر سۆپەت بۇ ئېسىل جانان،
ھۆر ئىچىدە يارالغانمىدۇ؟

ياكى ھۆرلەر ئۇيلىپ بۇندىن رەڭ،
كەڭ جاھانغا تارالغانمىدۇ؟

قەددى نىھال، چېھرى تولۇن ئاي،
لېۋى ياقۇت، چىشى ئۈنچىدەك.
ئەسكى كۆينەك ئىچىدىن كۆكسى،
تۇرار تېپىپ بىر جۈپ غۇنچىدەك.

قارىغانچە بولۇپ قەلبى لال،
ۋۇجۇدىنى قۇچتى ھارارەت.
بۇ ئىشقىنىڭ يالقۇنى ئىدى،
قالمىدى شاھ جىسمىدا تاقەت.

دېدى ئاخىر ئالماق ئۈچۈن گەپ:
«كەچمىشىڭنى بەر قېنى سۆزلەپ.
مەنسۇپ بولدۇڭ قەمبەرگە قانداق،
كەلدىڭ بۇيان زادى نېمە دەپ؟»

سۆزلەپ بەردى ئايخان بىر ـ بىرلەپ،
بىزگە مەلۇم بولغان ھەممىنى.
ئىشەنسىمۇ ئاڭا شاھ تولۇق،
بۇزدى بىراق بىردىن پەيلىنى.

دەيتتى: «مۇنداق ھۆر سۈپەت جانان،
تۆردىلەمدۇ قايتا ئالەمگە؟

تۆرەلسەمۇ بولامدۇ نېسىپ،
مەندەك ياشقا كەلگەن ئادەمگە؟

بۇنى خۇدا يەتكۈزدى ماڭا،
ئېرىشمىكىم لازىمدۇر ئاڭا.
خۇشبۇي گۈلنى پۇرايدۇ ھەر كىم،
گۈل ئۆزگەنگە تەئەللۇق شۇڭا.»

تۈن ئۇزارسا تۆپىيىدۇ چۈش،
گەپ كۆپەيسە بۇزۇلىدۇ ئىش.
تۇرماي «كۆمسەم پىشارمىكىن» دەپ،
ئەپلەي ئىشنى چىقارماي تىۋۇش.

شۇ ۋەجىدە ئۆيلىنىپ ئۇزاق،
بولدى قۇرماق قەمبەرگە تۇزاق.
قوشۇپ ئۇنى مەلىكە بىلەن،
ساياھەتكە بولدى ئۇزاتماق.

كەلگۈچىلىك ئۇلار ئايلىنىپ،
ئىشلار بولار بۇندا جايلىنىپ.
سالسام بىلىپ، بىلمەسكە ئۇ چاغ،
بارار قەمبەر كىمگە داد سېلىپ؟!

دېگىنىدەك قىلدى شاھ شۇ كۈن،
يولغا چىقتى قەمبەر، مەلىكە.

تەۋەككۈلگە تۈتۈش قىلدى شاھ،
سەزمەي ھېچبىر تەشۋىش، تەھلىكە.

كېتىشىپتۇ قەمبەر سەپەردە،
تۇرۇپ قالدى بۇ چاغ ئۈشتۈمتۇت.
«نېمە بولدى، — دېدى مەلىكە، —
كۆزىڭىزدە غايىبانە ئوت!»

دېدى قەمبەر: «قاپتۇ ئۇنتۇلۇپ،
شۇ شىپالىق ئابى ھايات سۇ.
چەكسەك ئۇزاق يولدا رىيازەت،
لازىم بولۇپ قالارمىكىن ئۇ؟»

ياقتى بۇ سۆز مەلىكىگىمۇ،
بۇرۇلدى ئات كەينىگە شۇئان.
بۇ چاغ شاھقا ئىككى ھالاكەتلىك ئاقىۋەتنى ساقلاپ،
مەجبۇرلىنىپ تۇراتتى ئايخان.

بىلدۇرۇشكە رازىلىقىنى،
تۇشمۇ تۇشتىن قىستايتتى ئۇنى.
ئايخان چىشلەپ لېۋىنى مەھكەم،
رەت قىلاتتى ئۇن - تىنسىز بۇنى.

كىرىپ كەلدى قەمبەر، مەلىكە،
مانا مۇشۇ ئىشىنىڭ ئۇستىگە.

تونۇپ ئايخان قەمبەرنى دەرھال،
ئاتتى ئۆزىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە.

كۆرۈپ بۇنى غەزەپلەنگەن شاھ،
يەرنى تەپتى جاللات قىچقىرىپ.
تۇردى جاللات شاھ ئالدىدا تىك،
قىلىچىنى ياندىن چىقىرىپ.

شاھ قولىنى شىلتىپ قەمبەرگە،
«چاپقىن، — دېدى جاللاتقا، — بۇنى!»
جاللات ئۇردى قىلىچىنى كۈچەپ،
چاقتى چاقماق يېرىپ بۇلۇتنى.

باستى تۆتەك ئەتراپنى شۇئان،
نېمە بولدى، بىلمەس ھېچ كىشى.
تۆتەك تارقاپ يورۇغاندا ئۆي،
قىڭغايغاندى يانغا شاھ بېشى.

جاللات تۇرار قېتىپ ھەيكەلدەك،
قولدا تىغسىز قىلىچ دەستىسى.
ئەجەبكى تىغ ئاجراپ ساپاقتىن،
شاھ كۆكسىنى يېرىپتۇ بىسى.

چىقىپ كەلدى شۇ چاغ تۇماندىن،
بىر يىگىتنىڭ نۇرلۇق سىماسى.
«دوستۇم» دەپلا ئېتىلدى قەمبەر،
تېشىپ ئاڭا مېھرى، ئىخلاسى.

«دوستۇم، — دېدى قۇچاقلاپ ئۇنى،
ۋۇجۇدىدا چەكسىز ھاياجان، —
كۈن چۈشۈپتۇ بېشىڭغا دوستۇم،
نېچۈن ماڭا قىلمايسەن ئايان؟

سېزىپ ئاخىر بولار بۇ ئىشنى،
كەلدىم سېنى كۆزلىتىپ بۇيان.
كەلگەنلىكىم بوپتۇ جاھان ئىش،
قۇتۇلدۇڭ بۇ خەتەردىن ئامان.»

«رەھمەت» دېدى يىگىتكە قەمبەر،
چۈشەندۈردى ئەھۋالنى بىر - بىر.
دېدى يىگىت: «دوستىنى ئۇنۇتما،
غاپىللىقتا تىكلىمە كىبىر.

شاھلىق تاج - تەخت ئەمدى ساڭا خاس،
ئۆتكىن ئەلگە بولۇپ ياخشى باش.
ئال ئىلكىڭگە ئايغانىڭنىمۇ،
خانىقىزنىمۇ تۆكتۈرمىگىن ياش.»

بوپتۇ غايىب يىگىت شۇنداق دەپ،
ئەلگە دەرھال تارقاپتۇ بۇ گەپ.
قۇتلاپتۇ ئەل قەمبەرنى خۇشال،
تاج - تەختكە نۇسرەت، قۇت تىلەپ.

«قەھرىمۇ بار، زەھرىمۇ بار» دەپ،
تەرىپلىشەر بەزىلەرنى ئەل.
ئەل دەردىگە يېتىپ ئۇنداقلار،
قىلار ئىشنى ئۆز جايىدا ھەل.

بىر شاھ بولغان ئىكەن ئىلگىرى،
شۇ تەرىپتە ئېيتىلغاندەك دەل.
ئەتراپىنى قورشاپتۇ بىراق،
قۇرۇق سۆزلۈك نۇرغۇن تېجىمەل.

خۇشامەتتىن تۇزۇشۇپ نەزمە
كۆيلىمەككەن شاھنىلا ئىشى.
قىلسا تەزىم تالدەك پۈكۈلۈپ،
تېگەر ئىكەن يەرگىچە بېشى.

شاھ بۇنىڭدىن بولۇپ بەك بىزار،
قىپتۇ تۇتۇش باشقىچە ئىشقا.
دەپتۇ: «بىرەي سىلەرگە سوئال،
زېھنىڭلارنى سىناپ بېقىشقا.

بىر دىلىدۇ ئىنئام — ھەدىيە،
قانائەتلىك جاۋاب تاپقانغا.

ئۇرۇلىدۇ قىرىق بىر دەررە،
تىرناق تاتلاپ يەرگە باققانغا.»

ئاڭلاپ بۇنى قۇرۇق سۆزمەنلەر،
ۋەھىمىدە تىترەپتۇ، دىر - دىر.
شاھ باشلاپتۇ جاۋاب ئالماقنى،
ھەر بىرىنى چاقىرىپ بىر - بىر.

لېكىن كىرگەن ھەممىلا كىشى،
بۇيرۇلۇپتۇ دەررىگە ھامان.
«ۋايجان... ۋايىيەي» قاپلاپ ئوردىنى،
بوپتۇ قىزدىل قىيامەت ئايان.

شاھ غەزەپكە كەپتۇ شۇ بىلەن،
«ئىش پۈتمەيدۇ، — دەپتۇ، — بۇ بىلەن.
جاۋاب بەرمەي قوتۇلالمايسەن،
تەزدىم بىلەن، بەللى... خوش بىلەن.

ئەمدى جاۋاب بېرەلمىگەنگە،
قۇرۇلىدۇ ئاسمان پەلەك دار.
تاپالمىساڭ شۇڭلاشقا جاۋاب،
دار ئالدىدا تىزلىغىن قاتار.

سازايى بۇ ھارام يېگەننىڭ،
بىلمەي تۇرۇپ، بىلدىم دېگەننىڭ.

رودۇپايدەك ئارتىلىپ ئەلگە،
ئۆز نەپسىگە شەيتان مىنگەنىنىڭ...»

× × ×

ئاشۇ كېچە، يۇلتۇزلۇق كېچە،
چىقىسىمۇ ئاي نۇرلۇق ئۆزگىچە.
سايراپ بۇلبۇل خۇش ئاۋازىدىن،
جان بەرسىمۇ دالا ـ تۈزگىچە.

چۆككەندەكلا ئېغىر ئۇيقۇغا،
ياتار ئوردا ئىچى جىملىقتا.
ئىشىكلەرمۇ ئېتىلگەن مەھكەم،
چىقماس نۇرمۇ سىرتقا ھىملىقتا.

ئۆي ـ ئۆيلەردە ئوردا ئەھلىمۇ،
ئولتۇرار جىم، چىرىغى يېنىق.
لېكىن كىرسەڭ قەلبىگە ئۇنىڭ،
داۋالغۇشنى كۆرىسەن ئېنىق.

نە داۋالغۇش، خۇددى بىر بوران،
قۇرقۇنچى بۇ ھايات ـ ماماتىنىڭ.
ئەلەملەيدۇ كۆز ئالدىدا دار،
سوۋغىسىدەك بېرەر جاۋابىنىڭ.

شاھ ئۆيىمۇ ئەمەس ھېچ خالىي،
بۇ جىمجىتلىقتىن، بۇ داۋالغۇشتىن.
ئولتۇرار شاھ ئۆزىنى بېسىپ،
يەرنى تېپىپ، سەكرەپ كېتىشتىن.

ئىچ - ئىچىنى قاينىتار ئۇنىڭ،
نابابلىقى ئوردا ئەھلىنىڭ.
يارسا «ئېلىپ» چىقماس قارىنىدىن،
يوغىنىنى يۆگەر سەللىنىڭ.

توتى قۇشتەك چۇرۇلداپ ھامان،
خۇشامەتتىن قاينىتار قازان.
تاماگەرلىك سىڭگەن قېنىغا،
خىيالىدا يوقتۇر ئەل - جاھان.

گەرچە يۇمشاق بولسىمۇ قۇرت،
چىنارنىمۇ يەيدۇ بىمالال.
ئوخشار ئۇلار خۇددى شۇنىڭغا،
كەلتۈرگۈسى ئوردىغا زاۋال.

قىلالمايدۇ ئەمدى دېلىگەي،
سەللىسىنى، ساقال - بۇرۇتنى.
يوقىتىمەن جەزمەن ئۇلارنى،
يوقاتقاندەك شۇ شۇم قۇرتنى...

قىلغان ئەسىر مەلىكىنىمۇ،
ئاشۇ جىمىلىق، ئاشۇ داۋالغۇش.

— باستى نېچۈن بىر سوئال بىلەن،
شاھنى غەزەپ، باشقىنى قورقۇش؟

ئاتىسىغا دېدى ئۇ ئاخىر:
«ۋۇجۇدۇمدا قالمىدى تەخىر.
سوئالىڭنى بىلمەك ئىستەيمەن،
بايان قىلىپ بەرگىنە بىر - بىر.»

كۇلۇمسىرەپ باقتى شاھ ئاڭا:
«جاۋابىنى بېرەمسەن ماڭا؟»
«جاۋابىنى بېرىمەن، لېكىن
قويىدىغان شەرتىم بار ساڭا.»

ھاياجانغا كەلدى شاھ دىلى،
قاراپ قىزنىڭ قەتئىيلىكىگە.
دېدى: «ئېيتاي قويماي قىلچە چەك،
سوئالىمنىڭ مەخپىيلىكىگە.

بىلگەنلەرگە ئاددىي جاۋابى،
بىلمىگەنگە قىزدىل قىيامەت.
زادى نېمە تاتلىق جاھاندا؟
بىلسەڭ مېنى تاپقۇز قانائەت!»

«شۇمىدى، — دەپ كۇلۇپ قويدى قىز، —
ئاڭلاڭ ئەمىسە جاۋابىنى سىز.

ئۈچ نەرسە بار مېھرى ئۈزۈلمەس،
تاتلىقلىقتا ئۇدۇر باھاسىز.

ئەر - خوتۇننىڭ مېھرىدۇر بىرى،
بىرى ئەمەل، يەنە بىرى مەي.
كىمكى كىرسە ئۇنىڭ ئىلكىگە،
ياشار مەڭگۈ ئۇندىن كېچەلمەي.»

تېپىپ قەلبى چەكسىز قانائەت،
ھەيرانلىقتا تۇرۇپ قالدى شاھ.
دېدى: «خالىي سەن بۇ ئۈچ ئىشتىن،
قانداق بىلدىڭ؟ قىل قېنى ئىزاھ!»

«كۆزەتسىلا، — دېدى قىز كۈلۈپ، —
تۇرمۇش ئۆزى ئۆگىتەر بۇنى.
قايرىدىغىز ئانام قولىنى،
گەپ تالىشىپ قېلىپ بىر كۈنى.

ئانام يىغلاپ كۈن بويى شۇ چاغ،
ياستۇقىدىن كۆتۈرمىدى باش.
يامان بولدى، — دېدىم ئىچىمدە، —
بۇزار ئۆيىنى ئەمدى بۇ تالاش.

لېكىن ئاتا، بولسىمۇ بىئەپ،
بولماس يانداپ ئۆتۈش بۇنىڭدىن.

بىر ياستۇقتا كۆردۈم سىلەرنى،
تاڭ بىلەن تەڭ تۇرۇپ ئورنۇمدىن.

بوينىڭىزغا چىرماشقان ئىدى،
ئانامنىڭ شۇ قايرىلغان قولى.
تاتلىق ئىكەن ئەر - ئايال مېھرى،
دېگەن خىيال كەلدى شۇ يولى.»

«كېلىپ تۇرار ئوردىغا مېھمان،
مەي قۇيىسىز بولۇپ ساھىبخان.
ئىچىسىلەر، لېكىن ئەرتىسى،
بىئارامىق قۇچقىنى قۇچقان.

چىرايىڭىز تاتىرىپ تاڭدەك،
نۇرسىزلىنار كۆزىڭىز شامدەك.
دەيمەن: ئاتام ئەمدىغۇ جەزمەن،
قويار ھاراق ئىچمەكلىككە چەك.

يەنە مېھمان كېلەر ئەتىسى،
قىزىپ كېتەر ئوردا بەزمىسى.
چىقار ئىچمىش يەنە ئەۋجىگە،
ياڭرار ئۆمەر ھەييام نەزمىسى.

دەيتتىم شۇندا: ئۆزگىچە ئىكەن،
مەيىنىڭ تەمى، مېھرى، لەززىتى.
ئۇنى ئېتىپ قالغان كىشىگە،
ئېتىماسكەن كەۋسەر شەربىتى.»

مانا بۈگۈن سوئال سەۋەبى،
ئوردا ئەھلى قالدى تاياقتا.
ئىمەن تاپماي كۆڭلىڭىز يانا،
تۇتۇنىدىڭىز دارغا ئاسماقتا.

چۈشىنىمەن سىزنى ئەي ئاتا،
ئورۇنلايسىز قىلغاننى جاكا.
ئىلگىرىمۇ تالاي - تالىيى،
بولغان ھالاك، بولغان ھەم ناكا.

ئەتتەڭ، دەيتتىم ئىچىمدە شۇ چاغ،
ئېشىپ كەتتى ھەددىدىن بۇ ئىش.
ئىشلىمەكتىن ئەمدى ئوردىدا،
قىلار ھەر كىم بىر ئۆمۈر تەشۋىش.

چىدىتتى لېكىن يەنە كۆپ كىشى،
كۆڭلىدىكىنى ھامان ئۇتۇشقا.
ئىنتىلەتتى چۈنكى ئۆلگەنىنىڭ.
ئورنىغا كېپ ئەمەل تۇتۇشقا.

دېگەن ئىدىم شۇندا تاڭ قېتىپ،
تاتلىق ئىكەن ئەمەل خۇمارى.
قـورقمايدىكەن كېتىشىدىن باش
بۇ خۇمارنىڭ مۇپتىلالىرى...

شۇدۇر ئاتا سوئالىڭىزنىڭ
جاۋابىغا تەئەللۇق ئىزاھ.
دۇرۇسمۇ بۇ، دۇرۇس ئەمەسمۇ،
ئويلاپ كۆرۈڭ ئەي قەدىرلىك شاھ.»

«دۇرۇس، — دېدى ھاياجاندا شاھ،
چاقناپ كەتتى كۆزلىرىدە ئوت،
تاللا، ئالار ئىنئامىڭنى سەن،
تونۇپ قويسۇن سېنى ئوردا، يۇرت.»

«يوقسۇ، — دېدى كۈلۈپ مەلىكە، —
ئىنئام، ئاتاق ماڭا بى ھاجەت.
كېلىشكەن بىز قويمىقىمىغا شەرت،
شۇ شەرت ئۈچۈن بېرىڭ ئىجازەت.»

«ئىجازەت!» دەپ قىلدى ئىلتىجا،
شاھ قىزىنىڭ رايىغا بېقىپ.
قىز دېدىكى: «تۆكمەڭ ئەمدى قان،
بىخىسىمىسۇن بىھۇدە ئېقىپ.

ئاقسا قىنى نائەھلىلەرنىڭ،
تائەھلىلەر بولىدۇ خۇشال.
چۈنكى ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىپ،
گەدىيىشنى قىلىدۇ خىيال.

بالدىن تاتلىق ئەمەل خۇمارى،
نىپسىنى ئەنە شۇلارنىڭ.
قالايمىقان قىلار دۆلەتنى،
بولسا مەنسۇپ ئوردا ئۇلارنىڭ.

قويماق ئۇچۈن ئۇندا قلارغا چەك،
سىلىڭ ھەردەم پايدىلىق ئىشقا.
ھەيدەپ تۇرۇڭ سەھرا - سەھراغا،
ئەل ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا.

قىلسا رازى ئەلنى خىزمىتى،
بولسۇن ئۇنىڭ ھەردەم ئىززىتى.
قىلسا بىزار ئەلنى ئەكسىچە،
گۇناھىنى قىلىڭ سۈرۈشتى.

شۇ چاغ سىزنىڭ بولىدۇ يوللۇق،
ئاسىيلىزمۇ ئۇلارنى دارغا.
بېغىشلاپ بۇ پۇقراغا شادلىق،
بولار ئىبرەت ئەھلى تۈز كورغا.»

يېقىپ بۇ سۆز شاھنىڭ كۆڭلىگە،
ۋۇجۇدىدا قوزغىدى شادلىق.
دېدى: «قىزىم بۇ شېرىن سۆزۈڭ،
بولدى بارچە تاتلىقتىن تاتلىق.»

ئېيتقىنىچە ئىشلەپ قىزىنىڭ،
كۆپ ئۆتمەستىن كۆرۈپتۇ ئۈنۈم.
پۇقرالارمۇ بولۇپتۇ رازى،
ئازىيىپتۇ ئوردىدا ئۆلۈم.

责任编辑：吉利力·穆罕莫得
封面设计：巴图
责任校对：阿依古丽

国王与吾拉木　（维吾尔文）
作者：吐尔干·夏吾东

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号邮政编码830001）
新疆新华书店发行　　哈密地区印刷厂印刷
787×1092毫米　32开本　6.25印张
1992年12月第1版　1992年12月第1次印刷
印数：1——2,300

ISBN7—228—02121—5／I·725　定价：1.85元

ISBN 7－228－02121－5
I·725（民文）定价：1.85元